# ئىزدىنىش

(تاللانما)

4

1994

# ئىزدىنىش

(تاللانما) 1994-يىل 4-سان

(ئومۇمىي 70-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)


## ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى «ئىزدىنىش»نىڭ 1994-يىللىق 4-ۋە5-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى

مۇندەرىجە


«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوبدان ئۆگىنىپ، ئىسلاھات، قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى

........................................ خۇ جىنتاۋ(2)

نۆۋەتتە رەھبىرىي كادىرلار كۆچەيتىشكە تېگىشلىك بىرقانچە قاراشلار

........................................ جياڭ چۈنيۈن(12)

ئەمەلىيەتچىل بولۇش، يېڭىلىق يارىتىش، ۋەتەننى سۆيۈشنىڭ شانلىق ئۈلگىسى

——«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىشتىن تەسرات

........................................ چى خاۋتيەن(21)

.جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش مۇنبىرى.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى توغرىسىدا

........................................ جۇ سۇيۈەن(39)


☆4-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشىردىن چىقتى☆


نەشىر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

# «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوبدان ئۆگىنىپ، ئىسلاھات، قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى*

خۇ جىنتاۋ

ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك ئاساسىي رەھبىرىي كادىرلارنىڭ 2-قارار نەزەرىيە مۇھاكىمە كۇرسى 11-ئاينىڭ 2-كۈنى ئوقۇش باشلاپ، 28 كۈن داۋاملاشتۇردى، بۈگۈن تاماملىنىدۇ. يولداشلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئورنىغا قايتىدىغان چاغدا، يولداش ۋېن جىاباۋ بىلەن ئىككىمىز يولداشلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىش، يولداشلاردىن ئۆگىنىش ئۈچۈن، شۇنداقلا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى ۋە شۇجىچۇسىغا ۋەكالىتەن يولداشلارنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن بۈگۈنكى يىغىنغا قاتناشتۇق، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، سىلەرنىڭ خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلەپ، پارتىيە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان يېپيېڭى ئىشلارغا ئۈزلۈكسىز يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشۇڭلارغا تىلەكداشمىز. تۆۋەندە مۇھاكىمە كۇرسىنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە ئازراق پىكىر قىلماقچىمەن.

بىرىنچى، بۇ قارار مۇھاكىمە كۇرسى ياخشى ئېچىلدى، كۆزلەنگەن مەقسەتكە يېتىلدى

«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىش يۈزىسىدىن ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك ئاساسىي رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نەزەرىيە مۇھاكىمە كۇرسىنى قارارمۇقارار ئېچىش يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىينى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى زور تەدبىرىدۇر. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ يېڭى تومىدا 1982-يىلدىن بۇيانقى ئون يىلدا

---

* بۇ ماقالە يولداش خۇ جىنتاۋنىڭ 1993-يىل 11-ئاينىڭ 30-كۈنى ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك ئاساسىي رەھبىرىي كادىرلارنىڭ 2-قارار نەزەرىيە مۇھاكىمە كۇرسىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزى بولۇپ، ماۋزۇسىنى تەھرىر قويغان.

پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ بارغانلىق تارىخى جانلىق خاتىرىلەندى ۋە نامايان قىلىندى؛ پارتىيىنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى ئىككىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمغا يول ئېچىشتىن ئىبارەت بىپايان ئىشقا رەھبەرلىك قىلىش داۋامىدا شەكىللەندۈرگەن ئاساسىي لۇشيەنى، توپلىغان ئاساسىي تەجرىبىلىرى، بەرپا قىلغان ئاساسىي نەزەرىيىلىرى مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرۈلدى، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى، كادىرلار ۋە خەلقنى تەربىيىلەشتىكى ئەڭ ياخشى ماتېرىيال، ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئەڭ كۈچلۈك قورال. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، ئالدى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ بۇ ئەسەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوبدان ئۆگىنىشى ۋە شۇ ئاساستا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنى بۇ ئەسەرنى ياخشى ئۆگىنىشكە يېتەكلىشى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە يۈز يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىمىز باشلاپ بەرگەن ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ئۈزلۈكسىز ئالغا يۈكسەلدۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، يولداشلارنىڭ ھەممىسى تەستە قولغا كەلتۈرگەن ئۆگىنىش پۇرسىتىنى ناھايىتى قەدىرلەپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىش توغرىسىدىكى قارارىنىڭ تەلىپى ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ دوكلات يىغىنىدا قىلغان سۆزىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئەسلى ئەسەرنى پۈتۈن زېھنى بىلەن قېتىرقىنىپ ئوقۇپ چىقىپ، ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلەرنى چۈشىنىۋېلىشقا ۋە ئىگەللەشكە تىرىشتى، روھىي ماھىيىتىنى ئېتراپلىق، توغرا ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى ھەمدە 15 يىلدىن بۇيانقى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتى ۋە ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن پىكىر يۈرگۈزدى، بەزى مۇھىم نەزەرىيە مەسىلىلىرىنى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا قىزغىن مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. ھەممەيلەن ناھايىتى چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. مەن سىلەرنىڭ يىغىندا سۆزلىگىنىڭلارنى ئاڭلاپ، بۇ قارار مۇھاكىمە كۇرسىدا ئالغان ھاسىلاتىڭلارنىڭ ھەقىقەتەن ئاز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. يولداشلار ئۆز ئالدىغا ئۆگىنىش ۋە ئۆزئارا پىكىرلىشىش ئارقىلىق «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنىڭ سىياسىي ئەھمىيىتى ۋە نەزەرىيىۋى ئەھمىيىتى، رېئال ئەھمىيىتى ۋە يىراق كەلگۈسى ئەھمىيىتىنى چۈشىنىش جەھەتتىن، پۈتۈن كىتابقا سىڭدۈرۈلگەن جەۋھەر (ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش)، ئاساسىي ئىدىيە (قەتئىي تەۋرەنمەي ئۆزىمىزنىڭ يولىدا مېڭىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش)، ئاساسىي لۇشيەن (بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا) ۋە ئاساسىي فاڭجېن (ئىككى قول بىلەن تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش)، سوتسىيالىزم بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ بىرلىكى قاتارلىق مۇھىم نۇقتىلارنى ئىگەللەش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماركسىزمنىڭ مەيدانى، نۇقتىئىنەزىرى، ئۇسۇلىنى تەتبىقلاش

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتەك ئىلمىي پوزىتسىيىسى، ئىجادچانلىق روھى ۋە ئىنقىلابىي خىسلىتىنى ھېس قىلىش ۋە ئىگەللەش جەھەتتىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پارتىيىمىز ۋە ھەر مىللەت خەلقىمىز ئۈچۈن قوشقان تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى تونۇش جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ ھاسىلاتقا ئىگە بولدى.

بۇ قارار مۇھاكىمە كۇرسى مەزگىلىدە دەل 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى» كۆرۈپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. مۇھاكىمە كۇرسى «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ يېڭى تومنى ئۆگىنىشنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسىنى بەرپا قىلىش ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈش، ئىسلاھات ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇردى، بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىگە، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئېلىمىزدە يېپيېڭى بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى تەدبىر ۋە ئورۇنلاشتۇرمىسىغا بولغان چۈشەنچىمىز ۋە تونۇشىمىز چوڭقۇرلاشتى. بۇنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتە رەھبەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزگە ناھايىتى زور پايدىلىق ئىكەنلىكىدە گەپ يوق.

مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك ئاساسىي رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نەزەرىيە مۇھاكىمە كۇرسىنى ئېچىپ، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومنى يىغىلىپ ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇشى ھەرقايسى جەھەتتىكىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى، ئىنتايىن قىزغىن ئىنكاسلارنى قوزغىدى. ئۇلار، پۈتۈن پارتىينى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن رەھبىرىي كادىرلارنى، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنى قوراللاندۇرۇشنى ئوبدان تۇتۇش تامامەن توغرا، دەپ ھېسابلاشتى. رەھبىرىي كادىرلارنى يىغىپ، تۈركۈمگە بۆلۈپ مۇھاكىمە كۇرسى ئېچىش ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ئىكەن. ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك ئاساسىي رەھبىرىي كادىرلار مۇھاكىمە كۇرسىنىڭ ئالدىنقى ئىككى قارارىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلغانلىقى، شۈبھىسىزكى، پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تۈرتكىلىك ۋە نەمۇنىلىك رول ئوينايدۇ.

ئەلۋەتتە، ئەسلەپ قارايدىغان بولساق، بۇ ئىككى قارار مۇھاكىمە كۇرسىنىڭ يېتەرسىزلىك جايلىرىمۇ بار. بەزى يولداشلار، ئەگەر ئۆز ئالدىمىزغا ئۆگىنىش ئاساسىدا، چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ مەخسۇس تېمىدا زۆرۈر بولغان مۇھاكىمىنى ئۇيۇشتۇرغان بولساق، ئۆگىنىش پائالىيەتلىرى يەنىمۇ جانلىقراق بولغان بولسا، ھاسىلاتىمىز تېخىمۇ چوڭ بولغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئىنكاس قىلىشتى. بىز تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، كېلەر يىلى نەزەرىيە مۇھاكىمە كۇرسىنى تېخىمۇ ياخشى ئاچىمىز.

ئىككىنچى، ئىككى قارار مۇھاكىمە كۇرسى توپلىغان بەزى تەجرىبىلەر ھەر دەرىجىلىك

## كادىرلارنى «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى يىغىلىپ ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇشتا ئەينەكلىك ئەھمىيەتكە ئىگە

مەركىزىي كومىتېت «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىش توغرىسىدىكى قارارنى چىقارغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلار ۋە ھەرقايسى تارماقلار ھەرخىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بۇ قارارنى ئاكتىپ ئىزچىللاشتۇرماقتا ۋە ئەمەلىيلەشتۈرمەكتە. بەزى جايلار ۋە تارماقلار رەھبىرىي كادىرلارنى ۋە ئۆگىنىش تايانچىلىرىنى تۈركۈملەپ بۆلۈپ يىغىپ، مەلۇم ۋاقىت ئۆگىنىشكە ياكى تەربىيە ئېلىشقا ئۇيۇشتۇرۇ-دى ياكى شۇنداق قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. شۇنى ئالدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، كېلەر يىلى پۈتۈن پارتىيە بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە 14-قۇرۇلتايىنىڭ ۋە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى بېتەكچى قىلىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش زىچ بىرلەشتۈرۈلىدىغان، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ. قانداق قىلىپ مۇشۇ پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، رەھبىرىي كادىرلارنى «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىشتە بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، شەكىلۋازلىقتىن ساقلىنىش يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلە. بۇ ئىككى قارار مۇھاكىمە كۇرسىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا، مېنىڭچە، تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتلەردىن تىرىش-چانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

**(1) جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە جىددىيلىكى توغرىسىدىكى تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك.** ھەقىقىي جەڭگىۋارلىققا ئىگە بىر پارتىيە، ئالدى بىلەن ئىلغار ئىدىيە بىلەن قوراللاندۇرۇلغان پارتىيە بولۇشى كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى. 15 يىلدىن بېرى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىنىڭ سىنىقىغا، شۇنداقلا مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەقەنىڭ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرغان خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆزىنىڭ تەۋرەنمەس ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى، ئىشلىرىمىزنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئەڭ كۈچلۈك قورال ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى پارتىيىمىزنىڭ مارك-سىزملىق نەزەرىيىۋى سەۋىيىسىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى يۈكسەكلىككە يەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى. لېكىن، بۇ، كادىرلىرىمىز ۋە پارتىيە ئەزالىرىمىزنىڭ بۇ نەزەرىيىنى تەبىئىي ھالدا شۇنىڭغا مۇناسىپ دەرىجىدە ئىگىلىگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنى بۇ نەزەرىيىنى ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل ئۇيۇشتۇرۇش

كېرەك. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ بۇ ئۇلۇغ نەزەرىيىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەشتىكى ئاڭلىقلىقى قانچە يۇقىرى بولسا، ئۆگىنىش ئۈنۈمىمۇ شۇنچە ياخشى بولىدۇ، پارتىيىمىز شۇنچە كۈچىيىپ بارىدۇ، پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى شۇنچە تېز، شۇنچە ياخشى بولىدۇ. ئۇنداقتا، ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقى قەيەردىن كېلىدۇ؟ ھازىر نۇرغۇن يولداشلار جۇملىدىن ئىككى قارار مۇھاكىمە كۇرسىغا قاتناشقان ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى تەشنالىق بىلەن ئۆگەنمەكتە، بۇنداق ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقى، بىر تەرەپتىن، بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىلمىيلىكىنى ۋە ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا بولغان ئۇلۇغ يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق تونۇغانلىق-تىن كەلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىغا بولغان يۈكسەك تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدىن ۋە خىزمەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقتىن كەلدى. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنىڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزى بىزنىڭ قايتا-قايتا ئويلاپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشىمىزگە بەك ئەرزىيدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەن: ”بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك. ... ئەگەر جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، 100 يىل ۋاقىت ئىچىدە دۆلىتىمىزنى ئوتتۇرا ھال تەرەققىي تاپقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقالىساق، قالتىس ئىش قىلغان بولىمىز! ھازىردىن باشلاپ كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مەزگىل——ناھايىتى مۇھىم مەزگىل، بىز باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلىشىمىز كېرەك. زىممىمىزدىكى يۈك ئېغىر، مەسئۇلىيىتىمىز چوڭ!“ كادىرلارنى «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ يېڭى تومىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرغاندا، كۆپچىلىكنى بۇ ئابزاس سۆزنى ياخشى چۈشىنىشكە يېتەكلىسەك، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشتىكى ئاڭلىقلىقىنى ئاشۇرۇشقا ياردىمى تېگىدۇ.

**(2) ئەسلى ئەسەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، ئىزدىنىپ، سىستېمىلىق ئۆگىنىش داۋامىدا ئەسەر-نىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئىگىلىۋېلىش لازىم.** بۇمۇ ئىككى قارار مۇھاكىمە كۇرسىنىڭ مۇھىم بىر تەجرىبىسى. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىدا سۆزلەنگەن ئىشلار پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى قىلىپ كېلىۋاتقان ئىشلار، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئەمەلىيە-تىگە زىچ باغلانغان، دۆلىتىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ ھەتتا ھەربىر شەخسنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت-لىك ئىشلار بولغاچقا، كۆپچىلىك بۇ كىتابنى ئوقۇغاندا ھەددىدىن زىيادە يېقىملىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى، يەنە كېلىپ، كىتابتىكى ماقالىلەر ئىخچام، سۆزلىرى مېغىزلىق، ساددا ھەم چۈشىنىشلىك بولغاچقا، ھەممەيلەن ئاسان چۈشىنەلەيدىكەنمىز دېگەن ھېسسىياتقا كېلىشتى. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا شۇنىمۇ ھېس قىلدىكى، بۇ كىتاب مەزمۇنى مول ھەم چوڭقۇر بولغان بىر ئىلمىي ئىدىيە سىستېمىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا سوتسىيالىزمنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش، مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى بىر قاتار تۈپ مەسىلىلەرگە مۇپەسسەل جاۋاب بېرىلگەن، شۇڭا، ئەسلى ئەسەرنى

بىر ماقالا-بىر ماقالا بويىچە، بىر ئابزاس-بىر ئابزاس بويىچە قېتىرقىنىپ ئوقۇپ، ئىزدىنىش كېرەك. ئاندا-ساندا ئوقۇپلا بولدى قىلىپ، چوڭقۇر چۈشىنىشكە ئىنتىلمىگەندە، ئۇنى ھەقىقىي ئۆگىنىۋالغىلى ۋە چۈشەنگىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت بۇ جەۋھەرنى، "سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك" دېگەن بۇ ئەڭ مۇھىم تۈپ نەزەرىيە مەسىلىسىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا دائىر بىر قاتار يېڭى ئىدىيە، يېڭى نۇقتىئىنەزەر ۋە يېڭى ھۆكۈملەرنى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش، كىتابتا بايان قىلىنغان بىر قاتار مۇناسىۋەتلەرنى، يەنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش بىلەن سوتسىيالىزمنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى، پىلان بىلەن بازارنىڭ، سۈرئەت بىلەن ئۈنۈمنىڭ، قىسمەنلىك بىلەن ئومۇمىيلىقنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى، شۇنىڭدەك ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ، سوتسىيالىزم بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە باشقا جەھەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگەللەش كېرەك. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىدىكى يېڭى ئىدىيە، يېڭى نۇقتىئىنەزەر ۋە يېڭى ھۆكۈملەر يولداش دېڭ شياۋپىڭ دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزمچە ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمچە دۇنيا قاراش، مېتودولوگىيىنى تەتبىقلاپ، زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا قولغا كەلتۈرگەن ئىجادىي نەتىجىدۇر. بۇ نەتىجىلەرنى ھەقىقىي چۈشىنىش ئۈچۈن، بىزمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنى ئۈلگە قىلىپ، ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىكىغا ھۆرمەت قىلىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرىگە سىڭگەن دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىنى قوللىنىپ تۇرۇپ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىلمىي خۇلاسىلىرىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم. بۇ ئىككى قارار مۇھاكىمە كۆرسىدا، بەزى يولداشلار مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئەسلى ئەسەرنى سىستېمىلىق ئوقۇپ، ئىزدىنىپ، تۈپ نەزەرىيە مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىزچىل ئىدىيىسىنى ۋە بۇ ئىدىيىنىڭ ئەمەلىيەت داۋامىدا بېيىتىلىشى، راۋاجلاندۇرۇلۇشى ۋە يېڭىلىنىشىنى چۈشىنىپ، چوڭ ھاسىلاتقا ئىگە بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇلارنىڭ تەجرىبىسى ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ.

**(3) ئەسلى ئەسەرنى ئەستايىدىل ئوقۇش ئاساسىدا، بەزى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇھاكىمىنى ئوبدان ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك.** بۇ، يىغىلىپ ئېلىپ بېرىلغان ئۆگىنىشتە چوڭراق نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم. كۆندىلىك ئۆگىنىشكىمۇ باب كېلىدۇ. نەزەرىيە ئۆگەنگەندە چوقۇم مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەك، ئەينى ۋاقىتتا كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇشمۇ زۆرۈر، ئىككى تەرەپنى ئوبدان بىرلەشتۈرگەندە، ئاندىن ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ. كوللېكتىپنىڭ مۇھاكىمىسى ئۈچۈن تاللانغان تېمىلار بەك كۆپ بولۇپ كەتسە بولمايدۇ، لېكىن ئۇلار مەلۇم دەرىجىدە ئومۇمىيلىق تۈسىنى ئالغان بولۇشى ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى لازىم، ھەممەيلەن كۆڭۈل

www.uyghurkitap.com

بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەردىن، جاۋاب بېرىش تەس مەسىلىلەردىن قاچماسلىق كېرەك. مۇھاكىمىدە، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، چوڭقۇر ئويلىنىش، دادىل ئىزدىنىش، ئوچۇق پىكىر قىلىش، ئۆز پىكرىنى قالدۇرماي بايان قىلىش، باراۋەرلىك ئاساسىدا پىكىرلىشىش، بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ كەمچىلىكىنى تولۇقلىشىنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. يولداشلار ئارا ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىشقا يول قويۇش ۋە ئىلھام بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە، شەخسنىڭ ئىدىيە، نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكىمۇ ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ.

**(4) نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلايدىغان ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.** شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئون نەچچە يىللىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ تارىخى، ئەمەلىيەتتە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىن يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىگە ئۆتۈش يولىنى تېپىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش يولىدىكى تارىخ بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. ھەممىمىز مۇشۇ تارىخىي باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن، ھەممىمىزدە بەزىبىر ئەمەلىي تەجرىبە بار. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئۆگەنگىنىمىزدە، ئۆز رايونىمىز، ئۆز تارمىقىمىز، ئۆز ئورنىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە، ئۆزىمىزنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتى ۋە ئىدىيە ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بۇ قورالنى ئىشلىتىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئۆتمۈشكە نەزەر سېلىشىمىز ۋە ئۆتمۈشتىن خۇلاسە چىقىرىشىمىز كېرەك، بۇنىڭ بىزنىڭ كەلگۈسىگە يول ئېچىشىمىزغا چوقۇم ياردىمى بولىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ تەجرىبىلەرنى ۋاقتى-ۋاقتىدا يەكۈنلەشنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ، "رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەر ھەر يىلى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىشى، توغرا قىلغانلىرىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشى، توغرا بولمىغانلىرىنى تېزدىن تۈزىتىشى، يېڭى چىققان مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ ھەل قىلىشى لازىم" دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. رەھبىرىي كادىرلىرىمىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ تەلپىگە بىنائەن، ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇپ مۇشۇ يىللاردىن بۇيان پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىكى ئەمەلىيىتىنى ئەستايىدىل ئەسلەپ بېقىپ، ئۆزلىرىنىڭ قايسى تونۇش ۋە ئۇسۇللىرىنىڭ توغرا، قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى، كاللىسىدا يەنە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك مۇجمەل تونۇشنىڭ بار-يوقلۇقىنى، خىزمەتتە قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك قانداق تەجرىبە-ساۋاقلار بارلىقىنى، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن يەنە پەخەس بولۇشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ۋە ياخشىلاشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئويلاپ قويۇشى لازىم. بۇنداق قىلغاندا، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرگىلى، ئۆگەنگەننى ئىشلەتكىلى بولىدۇ-دە، ئۆزىنىڭ ئىدىيە سەۋىيىسى ۋە رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق.

## ئۈچىنچى، بۇ قېتىمقى يىغىلىپ ئۆگىنىشنى يېڭى باشلىنىش قىلىپ، ئۇزاققىچە بوشاشـماي ئۆگىنىپ، خىزمەتتە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك

يولداشلار بىر ئايلىق يىغىلىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئىدىيەڭلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا قوراللانـدۇردۇڭلار، ئەمدى ئۆزەڭلارنىڭ ئىش ئورنىغا قايتىپ جىددىي ئىشلەيسلەر ھەمدە بۇ بىر باسقۇچلۇق ئۆگىنىش نەتىجىسىنى خىزمەت داۋامىدا تەتبىقلايسلەر، تەكشۈرسىلەر ۋە كېڭەيتىسلەر. مەن شۇنى سەمىڭلارغا سېلىپ قويايكى، بۇ قېتىمقى يىغىلىپ ئۆگىنىش ئاياغلاشقان بىلەن، ماركسىزم-لېنىنىزمنى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى، بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋەزىپىسى زادىلا ئاياغلاشمىدى. بىز كوممۇنىستلار بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى ئۆچۈن ئېيتقاندا، نەزەرىيىنى ئۆگىنىپ، ئىدىيىنى قوراللاندۇرۇش بىزنىڭ پۈتۈن ئۆمۈرلۈك سىياسىي ۋەزىپىمىز، شۇڭا بىز ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆگىنىشىمىز، "ئۆگىنىش، ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىش" دېـگەن سۆزنـى باشـتىن-ئاخىر دەستۇر قىلىشىمىز لازىم. ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرى هالقىلىق باسقۇچتا تۇرماقتا، ئالغا ئىلگىرىلەش جەريانىدا كۆپلىگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىگە دۇچ كېلىپ تۇرىمىز، بۇ هال بىزدىن ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئوبدان ئۆگىنىشنى ھەمدە بۇ نەزەرىيىنى تەتبىقلاپ، ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا يولۇققان زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ۋە توغرا ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يولداشلار ھەممىڭلار مۇھىم رەھبەرلىك ئورۇندا تۇرۇۋاتىسلەر، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، خىزمەت بىلەن ئۆگىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى چوقۇم ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشىڭلار كېرەك، خىزمەت ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، مۇۋاپىق ۋاقىت چىقىرىپ ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇشۇڭلار كېرەك، شۇنداق قىلساڭلار، ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى سەۋىيەڭلارنى ۋە رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىڭلارنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرەلەيسلەر، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە يېتەكچى قىلىشقا ماھىر بولۇپ، خىزمەتنى ياخشى ئىشلىيەلەيسلەر. مەيلى ئىش قىلىشتا بولسۇن ياكى ماھارەتنى ئۆگىنىشتە بولسۇن، ئىشنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇش، كۆپىنچە، قىيىنغا توختايدۇ، شۇڭا ئىشنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇش، مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بەزى يولداشلار يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگەنگەندە، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىشكە، ئۆگىنىش بىلەن ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىزچىل تۈردە شۇ يولنى تۇتۇپ كەلگەچكە، ئۇلارغا ئۆگەنگەنسېرى، ئىشلەتكەنسېرى يېڭى تۇيۇلىدىكەن، ئۇنىڭدىن كۆپ مەنپەئەت ئالىدىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ تەسىراتىنىڭ ھەممىمىزگە ياردىمى بار. كۆپچىلىكنىڭ بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە كۇرسىدىكى ئۆگىنىشنى يېڭى باشلىنىش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى قەتئىي بوشاشماي ئۆگىنىشنى، بۇ

www.uyghurkitap.com

نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلىپ، خىزمەتتە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى» ئەھمىيىتى زور، تەسىرى چوڭقۇر بولغان بىر ستراتېگىيىلىك تەدبىردۇر. بۇ «قارار»دا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى يېتەكچى قىلىنىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرى چوڭقۇر يەكۈنلىنىپ، چەت ئەللەرنىڭ پايدىلىق تەجرىبىلىرى دادىللىق بىلەن ئەينەك قىلىنىپ، ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا تۇنجى قېتىم سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسى بەرپا قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىمىزنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغا ئىلگىرىلەش بىلەن نۇقتىلىق بۆسۈپ ئۆتۈش بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقى نامايان قىلىنغان. ھازىر، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى تەشۋىق قىلماقتا ۋە ئىزچىللاشتۇرماقتا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن سوتسىيالىستىك جۇڭگودا، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممەيلەن بىر نىيەتتە بولۇپ، «قارار»نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىش ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنى ئاساسىي نىشان قىلغان، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىنى تېخىمۇ ئوبدان، تېخىمۇ تېز ئالغا سۈرىدىغان بىر يېڭى ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇقەررەر. بۇ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ بېرىدىغان، 21-ئەسىرگە يۈزلىنىدىغان يېڭى ۋەزىيەت بولىدۇ، شۇنداقلا 3-قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدىغان يېڭى ۋەزىيەت بولىدۇ. بىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىز بۇ يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ماسلىشىشى ۋە تۈرتكە بولۇشى لازىم.

جۇڭگودا يېپيېڭى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۇلۇغ ئىجادىيەت، ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئۈستقۇرۇلمىنىڭ كۆپ ساھەلىرىگە بېرىپ چېتىلىدىغان چوڭقۇر ئىنقىلاب بولۇپ، ئىجتىمائىي ھاياتىمىزنىڭ ھەممە جەھەتلىرىگە زور ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇ جەرياندا پارتىيىمىز، پارتىيىمىزنىڭ ھەربىر تەشكىلاتى، ھەربىر كادىر ۋە پارتىيە ئەزاسى ئوبدان چېنىقىدۇ ۋە قاتتىق سىناقتىن ئۆتىدۇ. بۇ ھال بىزدىن 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگىنىش ۋە تەتبىقلاش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە، دەۋرنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا ماس كەلمەيدىغان كونا كۆز قاراشلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، دۇنياغا، كېلەچەككە، زامانىۋىلا-

شىشقا يۈزلىنىپ، دادىللىق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىزمەتتە، كادىرلارنى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ مۇقەررەر تەڭشىلىدىغان تۈرلۈك مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىگە باشلامچىلىق بىلەن توغرا مۇئامىلە قىلىشقا يېتەكلەپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك. بۇ يېڭى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ ئۆزىلا كادىرلارنى سىناۋاتىدۇ، ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈۋاتىدۇ، بىز ئاڭلىق ھالدا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ بىرىنچى سېپىدىن سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، ئىقتىسادىي خىزمەتكە پىششىق بولغان، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلىدىغان، ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن كادىرلارنى بايقىۋېلىشىمىز، يېتىشتۈرۈشىمىز، تاللاپ ئۆستۈرۈشىمىز، ئىشقا قويۇشىمىز لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئىسلاھاتى جەريانىدا، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى قەتئىي، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، چىرىك ئۇنسۇرلارنى تازىلاپ چىقىرىۋېتىپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنى تەربىيىلەپ، پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى، تەشكىلىي ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرۈشىمىز لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئايشەم تاۋار**
**رىسالەت ئابلا**
**ئەركىنجان**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئايشەم تاۋار**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# نۆۋەتتە رەھبىرىي كادىرلار كۈچەيتىشكە تېگىشلىك بىرقانچە قاراشلار

جياڭ چۈنيۈن

نۆۋەتتە، ئېلىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىۋاتقان مۇھىم پەيتتە تۇرماقتا. يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەر پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا يېڭى ۋە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويماقتا. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىمىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، پارتىيە 14-قۇرۇلتىيى ۋە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، "پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشكىنى ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش" فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى ئىدىيە، يېڭى قىياپەت، يېڭى ئىستىل بىلەن خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، يېڭى-يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىشقا تىرىشىشى كېرەك. ۋەھالەنكى، بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ھالقىلىق مەسىلە رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ، "بىر بەن ئادەم"نىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە ساپاسىنى، رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشتە. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت، ۋەزىپىلەر ۋە شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تۆۋەندىكىدەك قاراشلارنى نۇقتىلىق كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ:

**1. ئومۇمىيلىق قارىشى.** قەدىمكىلەرنىڭ "ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتمىغانلار بىرەر جاينىمۇ باشقۇرالمايدۇ، ئۇزاق مۇددەتنى كۆزلىمىگەنلەر بىردەممۇ پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ"دېيىشكەن ھېكمەتلىك سۆزى بار. رەھبەر بولغان كىشىدە، ئەڭ مۇھىمى، ئومۇمىيلىق قارىشى بولۇشى لازىم. ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتقاندىلا، ئاندىن پەيتنى پەملەپ، ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىنى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى، ۋاقتىدا توغرا تەدبىر كۆرگىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىلگىرى سۈرۈلۈۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، ئومۇمىيلىق قارىشىنى كۈچەيتىش تېخىمۇ جىددىي، زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش غايەت زور ئىجتىمائىي سىستېما

قۇرۇلۇشى، ئۇ مۇقەررەر ھالدا ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئۈستقۇرۇلمىنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىگە، ھەرقايسى تەرەپنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەڭشىلىشىگە بېرىپ چېتىلىدۇ. ھەرقايسى تەرەپتىكىلەر ئۆزئارا ماسلىشىپ، قەدەمنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىلا، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇشىمىز، چۈشىنىشىمىز، ئىگەللىشىمىز، ئومۇمىيلىققا بويسۇنۇشىمىز ئالاھىدە زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. كومپارتىيە ئەزاسى بولغان كىشى، خۇسۇسەن پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىر بولغان كىشى ئومۇمىيلىق قارىشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئەڭ ئاساسلىقى، ئىدىيە، سىياسىي جەھەتلەردە، ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە بىرلىكنى ساقلىشى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىشى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، مەركەزنىڭ ئىناۋىتىنى ئاكتىپلىق قوغداپ، مەركەزنىڭ يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى كەم-كۈتىسىز ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم. بولۇپمۇ يەرلىكتە ئىشلەۋاتقان يولداشلار قىسمەن مەنپەئەت بىلەن ئومۇمىي مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاكتىپلىق ھالدا قىسمەن مەنپەئەتنى ئومۇمىي مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇشى كېرەك. دۆلىتىمىزدە ئومۇمىي مەنپەئەت بىلەن قىسمەن مەنپەئەت تۈپ ئاساستىن ئىتتىپاقاندا بىردەك. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئومۇمىي دائىرىدىكى ئىشنى ياخشى ئېلىپ بارغاندىلا، قىسمەن دائىرىدىكى ئىشنى ياخشى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ، ھالبۇكى، قىسمەن دائىرىدىكى ئىشنىڭ ياخشى ئېلىپ بېرىلىشى ئەينى ۋاقىتتا ئومۇمىي دائىرىدىكى ئىشقىمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

**2. ئاممىۋى قاراش.** ئاممىۋى قاراش ماركسىزمنىڭ ئەڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ بىرى، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پارتىيىمىزنىڭ تۈپ مەقسىتى. ھەممىدە ئاممىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەممىدە ئاممىغا تايانغاندىلا، ئاندىن پارتىيىمىز جەلپ قىلىش، ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىگە، جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولالايدۇ. يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا ئاممىۋى قاراشنى كۈچەيتىشتە، ئەڭ ئاساسلىقى، ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى توغرا ئىگەللەپ، ئاممىنىڭ ئارزۇ-تەلەپلىرىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە قاندۇرۇپ، ئامما بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. نۆۋەتتە خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ جىددىي ئارزۇسى خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈپ، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ پاراۋان، مەدەنىي تۇرمۇش كەچۈرۈش. بۇ بىزدىن چوقۇم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردا ئۆلكىمىز بويىچە يۇقىرىدىكىلەر بىلەن تۆۋەندىكىلەر بىر نىشانغا قاراپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە تەڭ كۈچ چىقىرىپ، توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، ئىقتىسادىي ساھەدە ۋە ھەرقايسى ئىجتىمائىي ئىشلاردا خېلى چوڭ تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۇق. يېقىنقى بەش يىلدا ئۆلكە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12.5%تىن كۆپرەك ئاشۇرۇپ، شەھەر-يېزا خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى روشەن ياخشىلىدۇق. ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولدى، ئۇلارنىڭ ئىناۋىتى ئۆستى، رەھبەرلىك يادروسلىق رولىمۇ تېخىمۇ

ئۇبدان جارى قىلدۇرۇلدى. پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشى نۆۋەتتە ئاما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان يەنە بىر گەۋدىلىك مەسىلىدۇر. مەركەزنىڭ پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى تەدبىرلىرى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە تازا ياقتى. بۇلتۇردىن بۇيان بىز مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا بىنائەن، رەھبىرىي كادىرلار پاك بولۇش-ئۆزىنى تۇتۇش، چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىشتىن ئىبارەت مۇشۇ ئۈچ خىل خىزمەتنى تۇتۇشقا كۈچ سەرپ قىلدۇق، ئۆلكە بويىچە پارتىيە ئەزالىرى ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان جەمئىي 10 مىڭ 71 ئەنزە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 6159 نەپەر پارتىيە ئەزاسىغا جۇملىدىن ناھىيە، باشقارمىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلاردىن 83 كىشىگە چارە كۆرۈلدى، دېمەك، بۇ خىزمەتتە بىرقەدەر روشەن، باسقۇچلۇق نەتىجىگە ئېرىشتۇق. بۇنىڭدىن كېيىن چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى بوشاشتۇرۇپ قويماي ئۇبدان تۇتۇپ، ئاممىنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىنى قوزغىغان مەسىلىلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، بىر-بىرلەپ تۇتۇپ، بىردىن-بىردىن تۈزىتىپ، كۈرەشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ پاك-دىيانەتلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز، ئاممىنى رازى قىلىمىز، خاتىرجەم قىلىمىز. نۆۋەتتە، بەزى جايلاردا جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرى بىر قەدەر ئېغىر، ئىجتىمائىي رەزىللىك ھادىسىلىرى قايتا-قايتا توسساقمۇ يەنىلا ئۆزۈلمەي چىقىۋاتىدۇ، خەلق ئاممىسى قاتتىق تەشۋىشلەنمەكتە ۋە ئەندىشە قىلماقتا. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاشنى ئۇبدان تۇتۇپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئاممىنىڭ جىددىي تەلىپى بولۇپ تۇرماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش تورلىرىنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاممىغا تايىنىپ ئامانلىقنى ساقلاشنى يولغا قويۇش، ئېغىر ھالدىكى جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قانۇن بويىچە تېزدىن قاتتىق زەربە بېرىپ، جىنايەتچىلەرنىڭ ھەيۋىسىنى قەتئىي بېسىش، تۈرلۈك ئىجتىمائىي رەزىللىكلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاش، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ھەقىقىي ساقلاپ، خەلق ئاممىسىنى خاتىرجەم قىلىش كېرەك. ئاممىۋى قاراش يەنە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشنىڭ كۈچلۈك چاكارلىق ئېڭى بولۇشىدا، خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ئىخلاس بىلەن ئۇقۇشۇپ، ئاممىنىڭ دەردىگە يېتىپ، ئاممىنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئاممىنىڭ، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ بېيىش دەرىجىسىنى بەك يۇقىرى مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلمىغان رايونلار، بولۇپمۇ نامرات ناھىيە، يېزا، كەنتلەر ۋە نامرات كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە تېخىمۇ كۆپ كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنى كۆپرەك يۆلەش لازىم. بۇلتۇر يازدا غەربىي جەنۇبىي شەندۇڭ رايونىدا پەۋقۇلئاددە چوڭ كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، نۇرغۇن ئېتىز-ئېرىقنى سۇ بېسىپ كەتتى، 300 مىڭ ئۆي-ئىمارەت ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ئۆلكىدىكى ۋە ئالاقىدار شەھەر-ۋىلايەتلەردىكى رەھبىرىي يولداشلار دەرھال ئاپەت رايونىغا يېتىپ بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىدىن ھال سورىدى، كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قوماندانلىق قىلدى. يېمەكلىك بۇيۇملىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئاممىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلغاندا، ئاممىنىڭ ھاياجان ئىچىدە "ياشىسۇن كومپارتىيە" دەپ توۋلىغان ساداسى ئۇزاققىچە توختىمىدى، نەق مەيداندىكى بىرمۇنچە پارتىيە ئەزالىرى،

كادىرلار تەسىرلىنىپ كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى. كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ئاممىنىڭ سەممىي ھىمايىسىدىن ئارتۇق يەنە نېمە بار؟ ئاممىنىڭ دەرت-ئەھۋالىغا ھەقىقىي يەتكەندىلا، ئاندىن ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ؛ ئاممىنى يېقىن كۆرگەندىلا، ئاندىن ئاما سىزگە سىرداش بولىدۇ.

3. **يېڭىلىق يارىتىش قارىشى.** جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئالدىنقىلار قىلىپ باقمىغان ئىجادىي ئىش، يېڭىلىق يارىتىش قارىشىنى پۇختا تىكلەپ، كونا رامكىلارنى باتۇرلۇق بىلەن بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى يول ئۈستىدە ئىزدەنگەندىلا، ئاندىن توسالغۇلارنى سۆپۈرۈپ تاشلاپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىگىلى، غايىنى پەيدىنپەي رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن ئون نەچچە يىل بولۇپمۇ يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان، بىز ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇشنى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزدىكى بىرىنچى مۇھىم مەسىلە قاتارىدا تۇتتۇق، بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە مۇھىم سۆز قىلغاندىن كېيىن، ئۆلكە بويىچە ئىدىيىدە ئازاد بولۇش مەسىلىسى ئۈستىدە كەڭ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، تونۇش جەھەتتە يېڭى سەكرەشنى ھاسىل قىلىپ، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردۇق. ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىمىزدا قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىلىرىمىزگە قارايدىغان بولساق، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرغانلىقىمىزدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئۆزگىرىشى مەڭگۈ توختاپ قالمايدۇ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، سۇبيېكتىپنى ئوبيېكتىپقا، ئىدىيىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنىڭمۇ مەڭگۈ چېكى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىدىيىۋى قاراش، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدىن تارتىپ خىزمەت شەكلى، خىزمەت ئۇسۇلىغىچە ئۈزلۈكسىز يېڭى، تېخىمۇ چوڭ ئۆزگىرىش ياسىشىمىز، باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىش، باتۇرلۇق بىلەن سىناق قىلىش، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشتەك يېڭىلىق يارىتىش روھىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. يېڭىلىق يارىتىشتا، مۇھىمى، مەركەزنىڭ روھى بىلەن جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئوبدان بىرلەشتۈرۈپ خىزمەتلەرنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇشىمىز لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەركەزنىڭ يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر چۈشىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆلكىمىزنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدىكى بىلىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شەندۇڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ "شەرق بىلەن غەربنى بىرلەشتۈرۈپ ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇش"، يېزا ئىگىلىك، ئاساسىي سانائەت، ئاساسىي مۇئەسسەسەلەردىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسنى كۈچەيتىش، سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادنى، ئۈچىنچى كەسىپنى ۋە پەن-تېخنىكا، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت "ئۈچ چوڭ جەڭ"نى ئوبدان ئېلىپ بېرىش، "دېڭىز ئۈستىدىكى شەندۇڭ"نى قۇرۇش ۋە خۇاڭخې دېلتىسىنى ئېچىشتىن ئىبارەت ئىككى ئەسىر ئاتلايدىغان قۇرۇلۇشنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش، شۇنىڭدەك "ئىچكى جەھەتتىن ۋە تاشقى جەھەتتىن يول ئېچىش،

ئۈزۈنسغا ۋە توغرىسغا بۆسۈش، ئۈزۈنسغا يۆنىلىشتە گۇرۇھلارنى تۈتۈش، توغرىسغا يۆنىلىشتە باي ناھىيىلەرنى تۈتۈش» قاتارلىق بىر قاتار ستراتېگىيىلىك يېتەكچى فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈردۇق.

**4. ئەمەلىيەتچىل بولۇش قارىشى.** ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ماركسىزمنىڭ جەۋھىرى، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، ئەمەلىي ئىش قىلىش بىز كوممۇنىستلارنىڭ خىسلىتى. لېكىن، ھازىر لاپ ئۇرىدىغان، قۇرۇق گەپ ساتىدىغان، يالغان گەپ قىلىدىغان، يۈزە ئىش قىلىپ قويىدىغان ئاز ساندىكى يولداشلار ھەقىقەتەن بار، ئامما بۇنىڭدىن بەكلا بىزار. ئەمەلىيەتچىل بولۇش قارىشىنى كۈچەيتىش پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى، جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئامما بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم ۋەزىپە. ئەمەلىيەتچىل بولۇش، ئەمەلىي ئىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇشتا، بىرىنچىدىن، راس گەپ قىلىش لازىم. بىرنى بىر، ئىككىنى ئىككى دېيىش، ياخشىنىمۇ، يامانىنىمۇ ئۆز ئەينى مەلۇم قىلىش كېرەككى، بىر مەزگىللىك مەنپەئەتنى، بىرەر جاينىڭ مەنپەئىتىنى، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ يالغان گەپ قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئەمەلىي ئىش قىلىش كېرەك. ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش، ئەمەلىي ئىشنى كۆپرەك قىلىش، كۆپرەك ئىشلەپ ئازراق سۆزلەش، ھەقىقەتەن ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش، ئېتى ئۇلۇغ، سۈپىتى قۇرۇق بولۇشتەك شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق ئىستىلىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىش، قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىش، ئىلىم-پەنگە ھۆرمەت قىلىش، دىئالېكتىكىغا ھۆرمەت قىلىش لازىم. ھەممە ئىشتا ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك. تۆتىنچىدىن، ئەمەلىي ئەھۋالنى بىلىش كېرەك. يولداش جياڭ زېمىن تەشەببۇس قىلغاندىكىدەك، "تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۆپرەك ئېلىپ بېرىپ، سۇبيېكتىپچىلىقنى ئازراق قىلىش" لازىم، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، "ھۆججەت دۆۋىسى، يىغىن دېڭىزى" ۋە زۆرۈرى يوق مېھماندارچىلىق پائالىيەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ۋاقىت چىقىرىپ ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما ئارىسىغا بېرىپ، تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىش كېرەك. بىز بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆلكە ۋە شەھەر، ۋىلايەتلەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان ئاساسىي رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يېرىم ئايدىن 20 كۈنگىچە ۋاقىت ئاجرىتىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكى ۋە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىشنى ھەمدە سالمىقى بار تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ چىقىشنى قارار قىلدۇق. ئاساسىي قاتلامغا چۈشكەندە ئۇ يەر، بۇ يەرگە قاراپ، قويۇپلا كېتىپ قالىدىغان، ئاتلىق يۈرۈپ گۈل كۆرىدىغان ئىشنى قىلىشقا بولمايدۇ، بەلكى راۋۇرۇس چۆكۈپ، ئاممىنىڭ ئارىسىغا بېرىش كېرەك. شەرت-شارائىتى ياخشى جايلار ۋە ئورۇنلارغا بېرىپ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش زۆرۈر، شەرت-شارائىتى ناچار، مەسىلە كۆپ جاي ۋە ئورۇنلارغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ يول ۋە ئۇسۇلىنى تېپىشىغا ياردەم بېرىش تېخىمۇ زۆرۈر. چوڭقۇر، ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئاممىنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، نېمىنى ئارزۇ

قىلغۇاتقانلىقىنى، نېمىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى، نېمىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، ئۆز جايى ۋە ئۆز تارمىقىدا جىددىي ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان مەسىلىنى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىنى ھەقىقىي بىلىپ ۋە ئىگەللەپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيىتى، يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى كۆڭۈلدە سان بولغان ۋە نىشانلىق ھالدا ئوبدان ئىشلەش لازىم.

**5. ۋاقىت قارىشى.** بىز رىقابەتكە تولغان دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز، ئىدىيە جەھەتتە ۋە ھەرىكەتتە دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېتىشىپ مېڭىش ئۈچۈن، ۋاقىت قارىشىمىزنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشىمىز كېرەك. بىرىنچىدىن، بىزدە كۈچلۈك پۇرسەت ئېڭى بولۇشى كېرەك. پۇرسەت ھەممە ۋاقىت، ھەممە يەردە بولۇۋەرمەيدۇ، ئازراق سۆرەلمىلىك، ئارسالدىلىق قىلساقلا، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشىمىز مۇمكىن. يېقىنقى يىللاردا ئۆلكىمىزنىڭ بەزى جايلىرى پۇرسەتنى بالدۇر بايقىۋېلىپ، چىڭ تۇتقاچقا، ئىقتىسادىنى تېز يۈكسەلدۈرۈپ يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈردى؛ بەزى جايلار بولسا پۇرسەتنى بايقىۋېلىشمۇ، تۇتۇۋېلىشمۇ ئاستا بولغاچقا، پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويدى، ئارقىدا قالدى. "بىر قەدەم ئارقىدا قالساڭ، مەڭگۈ يېتىشەلمەيسەن" دېگەن ھېكمەتلىك گەپ بار. پۇرسەتنى بىرىنچىدىن چىڭ تۇتۇش، ئىككىنچىدىن ئۇنىڭدىن پۇختىلىق بىلەن ئوبدان پايدىلىنىش لازىم. ۋاقىت قارىشىنى كۈچەيتىشتە يەنە كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇش كېرەك. رەھبىرىي كادىر بولغان كىشى ۋەزىپىدە تۇرسىلا، بىرەر جاينىڭ ئىشىنى باشقۇرۇۋاتقان بولسىلا، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ خەلققە كۆپرەك ئىش قىلىپ بېرىشى، كۆپرەك مەنپەئەت يەتكۈزۈپ بېرىشى لازىم. توغرا دەپ قارىغانلىكى ئىشنى قەتئىي قارارغا كېلىپ، تېز قىلىش، رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك ئىشلەشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ۋاقىت قارىشىنى كۈچەيتىشتە يەنە ياخشى روھىي ھالەت بولۇشى كېرەك. قىيىنچىلىققا دۈچ كەلگەندە جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش، قىيىنلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ تۇتۇش قىلىش روھى بولۇشى كېرەك؛ نەتىجە ئالدىدا قانائەتلەنمەي، مەغرۇرلانماي، ئوڭۇشلۇق شارائىتتىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

**6. ئۆزىنى سوراش قارىشى.** "ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى دېمەك يولباشچىلىق قىلغۇچى دېمەكتۇر، ئۆزى توغرا يولدا ماڭمىسا، باشقىلارنى قانداقمۇ توغرا يولغا باشلاپ ماڭالايدۇ؟" رەھبىرىي كادىرلار ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىپ، ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن باشقىلارغا يولباشچىلىق قىلغاندىلا، ئاندىن باشقىلارنى قائىدىگە بويسۇندۇرۇش ۋە چەكلەش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۈنۈملۈك ھالدا رەھبەرلىك قىلالايدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدا، ئىقتىساد-نىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى ئالغا سۈرۈلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى پاسسىپ نەرسىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ مۇقەررەر. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىمىز تۈرلۈك چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ چىرىتىشى-گە قارشى تۇرۇشتەك قاتتىق سىناققا دۈچ كەلمەكتە. بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم ئۆزىنى سوراش قارىشىنى كۈچەيتىپ، "ئىمۇنىتېت كۈچى"نى ئاشۇرۇپ، چىرىپ سېپتى ئۆزگىرىپ كېتىشتىن ساقلىنىشى، پۇل ۋە ھوقۇق ئالدىدا پاك-دىيانەتلىكنى ساقلىشى كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى

www.uyghurkitap.com

ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىپ، ئۆزىنى، ئۆز قارىمىقىدىكى رايون، تارماق ۋە ئورۇنلارنى، ئۆز يېنىدا ئىشلەيدىغان خىزمەتچى خادىملارنى، ئۆزىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى، پەرزەنتلىرىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئوبدان باشقۇرۇشى كېرەك، تۆۋەندىكىلەردىن قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىشلارنى ئالدى بىلەن ئۆزى قىلىشى، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق پارتىيە ئىستىلى، ھۆكۈمەت ئىستىلى ۋە جەمئىيەت ئىستىلىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، بىز چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى ئەستايىدىل تۇتۇپ، رەھبەرىي كادىرلارنىڭ پاك بولۇش-ئۆزىنى تۇتۇشىنى گەۋدىلىك ھالدا تەكىتلىدۇق. بۇلتۇر 11-ئايدا يېڭى نۆۋەتلىك ئۆلكىلىك پارتكوم سايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، 1-ئومۇمىي يىغىنىدا ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا مەخسۇس قارار چىقاردۇق. رەھبەرىي كادىرلارنىڭ پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بوشاشماي تۇتۇپ، دەرىجىمۇ دەرىجە تۇتۇپ، دەرىجىمۇ دەرىجە يېتەكلەپ، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىدا خۇشاللىنارلىق نەتىجىگە ئېرىشتۇق ۋە ئوبدان باشلىنىشقا ئىگە بولدۇق.

7. **ئىتتىپاقلىق قارىشى.** ئىتتىپاقلىق—كۈچ، ئىتتىپاقلىق—غەلىبە. ئىتتىپاقلىقنى ئاڭلىق قوغداش ھەربىر كومپارتىيە ئەزاسى ۋە رەھبەرىي كادىر ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئاساسىي سىياسىي ساپا. بىر رەھبەرلىك بەنزىسى ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلىغاندىلا، ئاندىن قۇدرەتلىك رەھبەرلىك يادروسىنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ، ئاندىن ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىگە ۋە جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولالايدۇ. ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلاشتا، ئەڭ مۇھىمى، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. ھازىر، بەزى جاي ۋە ئورۇنلاردا ئىتتىپاقلىق ياخشى بولالماسلىقنىڭ تۈپ سەۋەبى، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ياخشى يولغا قويمىغانلىقىدا، يا بىرلا كىشىنىڭ گېپى گەپ بولۇپ كەتكەن، شەخسنىڭ دېگىنى بويىچە بولۇپ كەتكەن؛ يا بولمىسا ”چېچىلىپ ياتقان قۇمدەك“، ھەركىم ئۆزى بىلگىنىنى قىلغان، نەتىجىدە زىددىيەت بارغانسېرى كۆپىيىپ خىزمەتكە ئېغىر زىيان يەتكۈزگەن. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشتا، بىر تەرەپتىن، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى جەھەتلەرنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلاش، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى كادىرلار ۋە ئامmىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، سىياسەت بەلگىلەشنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش، ئىلمىيلەشتۈرۈش لازىم؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مەركەزلەشتۈرۈشمۇ بولۇشى كېرەك، ھۆكۈم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قەتئىي ھۆكۈم قىلىش كېرەك، مۇھاكىمە سۈرۈلۈپ نەتىجە چىقمايدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىش لازىم. پارتكوم كوللېكتىپىنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ قارار قىلغان ئىشلارنى كەم-كۈتىسىز ئىزچىل ئىجرا قىلىش كېرەككى، ئۆز سەنىمىگە دەسسەشكە بولمايدۇ. پارتىيە ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يەنە پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىش

لازىم. پارتىيىۋىلىكنى تەكىتلەشنى، پرىنسىپال ھەق-ناھەقنى تەكىتلەشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. چوڭ ئىشلاردا پرىنسىپنى تەكىتلەش، كىچىك ئىشلاردا خىسلەتنى تەكىتلەش كېرەك، يولداشلار ئارا مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئۆزىگە تەلەپنى قاتتىق قويۇپ، باشقىلارغا كەڭچىلىك قىلىش لازىم. دېموكراتىك تۇرمۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆپرەك سۆھبەتلىشىش، كۆپرەك سىردىشىش، كۆپرەك ئالاقىلىشىش، بىر-بىرىگە سەمىمىي مۇئامىلىدە بولۇش، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىتنى دادىل قانات يايدۇرۇش، شۇ ئارقىلىق بەنزىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەتنى ئۆز-ئۆزىدىن ھەل قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، ئۆزئارا ئىشىنىدىغان، بىر-بىرىنى قوللايدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. پارتكومىدىكى "بىر بەن ئادەم"نىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتكوم بىلەن باشقا بىرقانچە چوڭ بەنزىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى، يېڭى كادىرلار بىلەن پېشقەدەم كادىرلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى، يۇقىرى دەرىجىدىكىلەر بىلەن تۆۋەن دەرىجىدىكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ھەر تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، يەكدىللىك بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش كېرەك.

**8. ئۆگىنىش قارىشى.** ئۆگىنىش قارىشىنى كۈچەيتىش دېگەنلىك ئۆگىنىشنى يۇقىرىدىن تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە دەپ قاراپ، ئۆزىنى "ئۆگىنىڭلار دېگەندە ئۆگىنىمەن"دەيدىغان پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويماي، بەلكى "ئۆگىنىشىم كېرەك" دەپ تونۇپ، ئۆگىنىشنى ئۆزىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش لازىم، دېگەنلىكتۇر. ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى سەۋىيە رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى بەلگىلەيدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرى داۋامىدا، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئارقا-ئارقىدىن چىقىپ تۇرىدۇ، نۇرغۇن يولداشلىرىمىزنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزملىق نەزەرىيىسى چوڭقۇر ئەمەس، تونۇشلۇق بولمىغان، چۈشەنمەيدىغان، بىلمەيدىغان نەرسىلىرى ناھايىتى جىق، بىلىمى، سەۋىيىسى ۋە ئىقتىدارىدا ئاجىزلىق بار. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ ئۇسۇلى — قېتىقىنىپ ئۆگىنىش. نۆۋەتتە، ئەڭ مۇھىم بولغىنى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگەللەشتىن ئىبارەت. بۇ نەزەرىيە ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ ۋارىسى ۋە راۋاجى، زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى، غەلىبىلىك ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال. مۇشۇ بىرنەچچە يىلدا، بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاشتىكى بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، شەھەر-ۋىلايەت، نازارەت-ئىدارىلەرنىڭ ئاساسىي رەھبىرىي كادىرلىرى بويىچە ئالتە قارار نەزەرىيە ئۆگىنىش-مۇھاكىمە قىلىش كۇرسى ئاچتۇق، تۆت قارار پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتۇق، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك پارتىيىلىك كادىرلار بويىچە 800 قاراردىن كۆپ كىتاب ئوقۇش كۇرسى ئاچتۇق، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومى نەشىردىن چىققاندىن كېيىن، يەنە پەيتنى

چىك تۇتۇپ، شەھەر-ۋىلايەت، نازارەت-ئىدارىلەرنىڭ ئاساسىي رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ كىتاب ئوقۇش كۇرسى ۋە ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، پۈتۈن ئۆلكە دائىرىسىدە ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغىدۇق. ئۆگىنىش داۋامىدا، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئېسىل ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردۇق، ھەم "ئىچكىرىلەپ كىرىپ"، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، روھىي ماھىيىتىنى چۈشىنىپ، جەۋھىرىنى ئىگەللەشنى تەكىتلىدۇق؛ ھەم "كىتابتىن چىقىپ"، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش، تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىشقا، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشقا ئەھمىيەت بەردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيە تارىخىنى، جۇڭگو تارىخىنى، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي بىلىملەرنى، زامانىۋى پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ زامانىۋى بىلىم سەۋىيىسىنى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش ماھارىتىنى ئىرىشىپ ئۆستۈردۇق.

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئايشەم تاۋار**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# ئەمەلىيەتچىل بولۇش، يېڭىلىق يارىتىش، ۋەتەننى سۆيۈشنىڭ شانلىق ئۈلگىسى

## ——«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىشتىن تەسىرات

### چى خاۋتيەن

«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا دائىر بىر قاتار مۇھىم نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرى مەركەزلىك ھالدا مۇھاكىمە قىلىنغان بولۇپ، مەزمۇنى كەڭ ھەم چوڭقۇر، روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. پۈتۈن كىتابنىڭ ھەممە يېرىدە ئەمەلىيەتچىل بولۇش، يېڭىلىق يارىتىش، ۋەتەننى سۆيۈشتەك شانلىق ئىدىيە گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئىدىيەدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئاساسىي يىپ پۈتۈن كىتابقا ئۆتكۈزۈلگەن. يېقىنقى بىر مەزگىللىك ئۆگىنىش ئارقىلىق شۇنداق تەسىرات ئالدىمكى، مۇشۇ ئاساسىي يىپنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، بۇ ئىدىيەلەرنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈۋالغاندا، ئاندىن پارتىيىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى بۇ كلاسسىك نەزەرىيىۋى ئەسىرىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ، ئەتراپلىق ئىگىلىۋالغىلى بولىدىكەن.

**ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئىلمىي پوزىتسىيە: ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش.**

ئەمەلىيەتچىل بولۇش——يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۇلۇغ زاتلارغا خاس خىسلىتىنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى شۇنداقلا ئۇنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى بولۇش سۈپىتىدە، جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىياتى ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈشىنىڭ تۈپ ئالدىنقى شەرتىدۇر. جۇڭگودەك ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى ئارقىدا قالغان شەرقتىكى چوڭ مەملىكەتتە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئالدىنقىلار قىلىپ باقمىغان ئۇلۇغ ئىش، ئۇنىڭدا پايدىلانغۇدەك تەييار كىتاب يوق، ئەينەك قىلغۇدەك تەييار ئەندىزىمۇ يوق. مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئىشقا يول ئېچىشتا، ئەڭ مۇھىمى، ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ خىزمەتكە بولغان يېتەكچىلىكىنى كونا ئىدىيە ۋە سۇبيېكتىپ بىر تەرەپلىمە قاراشلارنىڭ ئاسارىتىدىن

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈل-كېسىل خالاس قىلىش كېرەك. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3-تومىنى ئوقۇپ چىقساق، شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىزكى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزمچىغا خاس شىجائەت، غەيرەت ۋە ئۆزۈل-كېسىل ماتېرىيالىزملىق روھ بىلەن تۇرلۇك ئاسارەتلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئىدىيىۋى لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈنلا، جۇڭگودا سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلىگە توغرا جاۋاب تېپىپ، پارتىيىمىزنىڭ بىلىش تارىخىدا يەنە بىر قېتىملىق ئۇلۇغ سەكرەشنى ئەمەلگە ئاشۇرالىدۇق.

ئەمەلىيەتچىل بولۇش، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا ئەڭ قىيىن، ئەڭ مۇھىم بولغىنى "كىتاب"قا قارىتا ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇش. پارتىيىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش داۋامىدا ماركسىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەنىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. لېكىن 50-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، "سول"چىل نەرسىلەر پەيدىنپەي يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىۋالدى، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە خىلاپ بولغان شوئارلار جاھاننى قاپلاپ كەتتى، كۆكۆلىسىدىن تۇتۇش، كالتەكلەشتەك ئىشلار ئۆزۈلمەستىن چىقىپ تۇردى، ئاخىر ئون يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، بۇ خاتالىق چېكىگە يەتكۈزۈلدى. "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىيە ئىچىدە يەنە "ئىككى ئومۇمەن"دەيدىغان تەشەببۇس ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇ، ئەمەلىيەتتە، "سول"چىللىق خاتالىقنى داۋاملاشتۇرغانلىق. بۇ ھال پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئالدىغا ئىنتايىن ئۆتكۈر بىر مەسىلىنى قويدى، ئۇ بولسىمۇ، جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىياتىنىڭ 20 يىل ئاقسىتىلغانلىقىدەك ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە قارىماي، "سول"چىل يولدا داۋاملىق مېڭىۋېرىش كېرەكمۇ، ياكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، "سول"چىللىقنىڭ ئاسارىتىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، يۈرەكلىك بىلەن جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر تەرەققىيات يولىنى ئىزدەپ تېپىش كېرەكمۇ؟ كىتابتىكى ئايرىم گەپ-سۆزلەرنى تۇتۇۋېلىپ "كىتاببازلىق" قىلىش كېرەكمۇ، ياكى "كىتاب"نى توغرا، ئەتراپلىق چۈشىنىش كېرەكمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت. مانا بۇ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھەممىدىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئېنىق پوزىتسىيە بىلەن: "پارتىيىمىزگە توغرا، مۇكەممەل ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىش" كېرەك، ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىنايدىغان بىردىنبىر ئۆلچەمدۇر، "ئىككى ئومۇمەن" ماركسىزمغا ئۇيغۇن ئەمەس، دەپ كۆرسەتتى. 1978-يىل 12-ئايدا، ئۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت يىغىنىدا مۇنداق دەپ چوڭقۇر كۆرسەتتى: "ئەگەر بىر پارتىيە، بىر دۆلەت، بىر مىللەت ھەممىدە

كىتابنى ئاساس قىلىدىغان، ئىدىيىدە قاتماللىشىپ قالىدىغان، خۇراپىيلىقنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان بولسا، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ، ھاياتى توختايدۇ، پارتىيە ۋە دۆلەت مۇنقەرز بولىدۇ.» ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە ئەمەلىيەتنىڭ ھەقىقەتنى سىنايدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمە، ماھىيەتتە، تارىخىي بۇرۇلۇش ياساش ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان بىر قېتىملىق ئىدىيە ئازادلىق ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ شۇ چاغدىلا ئەمەس، كېيىنكى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى جەريانىدىمۇ مۆلچەرلىگۈسىز زور كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرسەتتى. شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەسكى، ئەگەر ئۇ چاغدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئەمەلىيەتچىل بولۇش يولىدا ئاشۇنداق زور شىجائەت ۋە غەيرەت كۆرسەتمىگەن بولسا، بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ يول تاپالماي، ئەگرى يولدا تەمتىرەپ-تېمىسقىلاپ يۈرۈشىمىز ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. دەل ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش بايرىقىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيىمىز ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنى قەتئىي، تەلتۆكۈس ئاقلاپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن قېپقالغان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار» دېگەن دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە قارارنى چىقاردى، بۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ خىزمەتتىكى يېتەكچى ئىدىيىسى «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىشتىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى مەركەز قىلىشقا يۆتكەلدى، ئىشىكنى تاقىۋېلىشتىن ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە، كونىلىققا چىڭ يېپىشىۋېلىشتىن ھەر جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا يۆتكەلدى». («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3-توم، ئۇيغۇرچە 558-بەت، تۆۋەندىكى نەقىللەرگە بەت نومۇرىلا بېرىلىدۇ) شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، پارتىيىنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى 2-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئىدىيىۋى لۇشيەنىنى يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە تىكلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ پۇختا ئىدىيىۋى ئاساس سېلىپ بەردى. جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەت داۋامىدا، يېڭى نەزەرىيە، يېڭى نۇقتىئىنەزەر ۋە يېڭى ئۇسۇل ئارقىلىق يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش-قىلالماسلىق، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش-قىلالماسلىق يالغۇز پىكىر قىلىش ئۇسۇلى مەسىلىسىلا بولماستىن، ئەينى ۋاقىتتا ماركسىزمغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش مەسىلىسىمۇ ھېسابلىنىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىخچام ھەم چوڭقۇر مەنىلىك سۆز بىلەن پۈتۈن پارتىيىگە مۇنداق دەپ تەنبىھ بەرگەن: «ماركسىزمنى يېڭى ئىدىيە، يېڭى نۇقتىئىنەزەر بىلەن داۋاملاشتۇرمىغان، راۋاجلاندۇرمىغانلار ھەقىقىي ماركسىزمچى ئەمەس.» (599—600-بەتلەر) يولداش دېڭ

شياۋپىڭ ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىگە قەتئىي ئىشىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماركسىزمنى دوگمىلاشتۇرۇشقا قەتئىي قارشى تۇردۇ. ئۇ ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ كەلدى، ئەمەلىيەتتىن يىغىنچاقلاپ چىقىرىلغان يېڭى ئىدىيە، يېڭى نۇقتىئىنەزەر، يېڭى ئۇقۇم، يېڭى تەسەۋۋۇرلار ئارقىلىق زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىياتىدىكى يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىشتا، ماركسىزمنى ئەمەلىيەت داۋامىدا بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ قايتا-قايتا شۇنى تەكىتلەپ كەلدىكى، سوتسىيالىزم قۇرۇشتا قېلىپلاشقان تەييار ئەندىزە يوق، ئۆزگەرگەن ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىش كېرەك. "چۈنكى جۇڭگودا سوتسىيالىزم قۇرىدىغان مۇنداق ئىش توغرىسىدا ماركسنىڭ كىتابلىرىدىن جاۋاب تاپقىلى بولمايدۇ، لېنىننىڭ كىتابلىرىدىنمۇ جاۋاب تاپقىلى بولمايدۇ، ھەممە دۆلەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئەھۋالى بولىدۇ، كەچۈرمىشلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، شۇڭا، مۇستەقىل پىكىر قىلىش كېرەك." (538-بەت) دەل مۇشۇ "مۇستەقىل پىكىر قىلىش" تەلىپى بويىچە ئىش قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشى توغرىسىدا بىر قاتار يېڭى چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق. مەسىلەن، سوتسىيالىزم نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن بۇ تۈپ مەسىلىنى ئىلگىرى بىز زادىلا ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالمىغاندۇق. نۇرغۇن يولداشلار ماركس، ئېنگېلسلارنىڭ ئەينى زاماندا سوتسىيالىزم ئۈستىدە چىقارغان بەزى ھۆكۈم ۋە تەسەۋۋۇرلىرىدىن جاۋاب تاپماقچى بولغاندى، ئىزدەپ يۈرۈپ كۆپ ئەجىر قىلغان بىلەنمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالمىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى ئەمەلىيەتكە ئاساسلىنىپ، يېڭى تىل بىلەن، بۇ مۇھىم نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىسى ئۈستىدە ئىلمىي يەكۈن چىقاردى، ئۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش ۋە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش مەقسىتىگە يېتىش." (777-بەت) يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش ئەمەلىيىتىدە سوتسىيالىزم توغرىسىدا ئىجادىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويغان بىر قاتار يېڭى چۈشەنچىلەر ۋە دەۋر بەلگىسى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان يېڭىچە ماركسىزملىق خۇلاسىلەر 3-تومنىڭ ھەممىلا يېرىدە دېگۈدەك ئۇچرايدۇ، بۇنىڭ ياردىمى بىلەن بىز بۇ ئەڭ تۈپ مەسىلە توغرىسىدا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان ئېنىق ھەم چوڭقۇر تونۇش ۋە چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇق. سوتسىيالىزم بىلەن بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ئۇزاقتىن بۇيان كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ كەلگەن قىيىن مەسىلە ئىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپىگە ئاساسەن،

سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئۈستىدە چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇ پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئىگىلىكىنىڭ خاراكتېرى دېگەن بۇ مۇھىم ھالقىنى چىڭ تۇتۇپ، 1979-يىلدىن بۇيان، پىلانىڭمۇ، بازارنىڭمۇ ئىقتىسادىي ۋاستە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى ئەمەسلىكىنى كۆپ قېتىم كۆرسىتىپ ئۆتتى. 1992-يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئۇ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىدە، سوتسىيالىزم ۋە بازار ئىگىلىكى مەسىلىسىنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، چوڭقۇر شەرھلىدى. ئۇنىڭ بۇ بايانلىرى ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيىنى كۆپ يىللاردىن بۇيان نەزەرىيە جەھەتتە پېتىپ قالغان قايمۇقۇش ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە دۇچ كەلگەن زىددىيەتلەردىن تەلتۆكۈس خالاس قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىمىزنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈردى.

خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە مەملىكىتىمىز دۇچ كەلگەن تاشقى مۇھىت ئۈستىدە ئوبيېكتىپ توغرا ھۆكۈم چىقىرىش يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئەمەلىيەتچىللىك روھى بىلەن جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن مۇھىم بىر ئىش بولدى. ئۇزاقتىن بۇيان، بىز پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۈچى بىلەن دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان قاتتىق بېسىم ئاستىدا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ كەلگەنىدۇق. 1985-يىل 5-ئايدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۇرۇش ۋە تىنچلىق مەسىلىسى ئۈستىدە ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، مۇنداق چۈشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويدى: ”دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ خەۋپى يەنىلا ساقلىنىۋاتىدۇ، لېكىن، دۇنيادىكى تىنچلىق كۈچلىرىنىڭ ئېشىشى ئۇرۇش كۈچلىرىنىڭ ئېشىشىدىن ھالقىپ چۈشىدۇ.“ ”خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە كەڭ كۆلەملىك دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ يۈز بەرمەسلىك ئېھتىمالى بار، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتىن ئۈمىد بار.“ (259-، 260-بەتلەر) ئۇنىڭ بۇ مۇھىم ھۆكمى پارتىيىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئاساسىي لۇشيەنىنى تۈزۈشنىڭ مۇھىم ئاساسىي بولۇپ قالدى. دەل مۇشۇ ھۆكۈمگە ئاساسەن، ئارمىيىمىز ئەسكىرىي كۈچىدىن بىر مىليون كىشىنى قىسقارتىشتەك دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان مۇھىم تەدبىرنى قوللىنىپ، ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىدە ستراتېگىيەلىك بۇرۇلۇش ياساشنى ئىشقا ئاشۇردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ كەلگۈسىدە بولىدىغان ئۇرۇش ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، مۇنداق چۈشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويدى: نۆۋەتتىكى خەلقئارا رىقابەت، ماھىيەتتە دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۈچ ۋە پەن-تېخنىكا كۈچىنى ئاساس قىلغان ئۇنىۋېرسال كۈچ جەھەتتىكى بەسلىشىشتىن ئىبارەت، دۇنيا ئەللىرى ھەربىي كۈچىنى راۋاجلاندۇرۇشنى بوشاشتۇرۇپ قويغىنى يوق، شۇڭا،

زامانىۋىلاشتۇرۇشنى نىشان قىلىپ تۇرۇپ، ئارمىيىنىڭ سۈپەت قۇرۇلۇشىنى راسا كۈچەيتىش لازىم. تىنچلىق ۋە تەرەققىياتقا لايىق كېلىدىغان تاشقى مۇھىتنى قولغا كەلتۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ ئىجادىي يوسۇندا شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە تەيۋەن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش" تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئۇلۇغۋار ستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇر خەلقئارادا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى، چەت ئەللەرنىڭ بەزى رەھبەرلىرى ئۇنى "ئەڭ تالانتلىق بىلەن يارىتىلغان ئىجادىيەت" دەپ تەرىپلىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: "بۇ بىر يېڭىلىق. بۇ يېڭىلىقنى ئامېرىكا ئوتتۇرىغا قويغىنى يوق، ياپونىيە ئوتتۇرىغا قويغىنى يوق، ياۋروپا ئوتتۇرىغا قويغىنى يوق، سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىغا قويغىنىمۇ يوق، بەلكى جۇڭگو ئۆزى ئوتتۇرىغا قويدى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىك دېگەن ئەنە شۇ." (448-بەت)

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەمەلىيەتچىل بولۇش روھى خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىيىتىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ھاياتىي كۈچى، جەلپ قىلىش كۈچى ئۇنىڭ خەلقچىللىقىدا، سوتسىيالىزمنىڭ جۇشقۇنلۇقى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادىي خاراكتېرلىك ئەمەلىيەت پائالىيىتىدىن كېلىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەسىلىنى كۆزىتىش، بىر تەرەپ قىلىش ۋە تەدبىر كۆرۈشتە، ھەمىشە "ئاممىدىن ئېلىپ، ئاممىغا قايتۇرۇش" يولىنى تۇتىدۇ، ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىغا ھەر ۋاقىت كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادكارلىق روھىغا ھۆرمەت قىلىدۇ، ئاممىنىڭ تەجرىبە ۋە ئىجادىيەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ماھىر بولىدۇ. يېزىلاردىكى ئائىلە بويىچە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئېلىپ ئېيتايلۇق، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە قوللىدى، ئۇ مۇنداق دېدى: "بىزنىڭ ئىسلاھاتىمىز، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىمىز كىتابقا تايىنىش يولى بىلەن ئەمەس، ئەمەلىيەتكە تايىنىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە تايىنىش يولى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. يېزىلاردا ئائىلە بويىچە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە بېرىش يولى تۇتۇلدى، بۇنىڭ كەشپىياتچىلىق ھوقۇقى دېھقانلارغا مەنسۇپ. يېزا ئىسلاھاتىدىكى بىرمۇنچە ياخشى نەرسىلەر ئاساسىي قاتلامدا يارىتىلغان، بىز ئۇنى پىششىقلاپ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ پۈتۈن مەملىكەت ئۈچۈن يېتەكچى قىلدۇق." (799-بەت) ئۇ يېزا-بازار كارخانىلىرىغا "بىردىنلا بارلىققا كەلگەن يېڭى كۈچ" دەپ يۇقىرى باھا بەردى ۋە يەنە مۇنداق دېدى: يېزا-بازار كارخانىلىرى "يېزىلاردىكى ئوشۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ چارىنى بىز رەھبەرلەر كۆرسەتكەن ئەمەس، بەلكى ئاساسىي قاتلام يېزا ئىگىلىك ئورۇنلىرى ۋە دېھقانلار ئۆزى

تاپقان.» (520-بەت) بۈگۈندىن بىر شۇنى ھېس قىلالايمىزكى، ماركسىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش جەريانى، ئەمەلىيەتتە، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئاممىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش جەريانى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىيىتى ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز تەجرىبە توپلاش جەريانىدۇر. پارتىيە ئاممىغا يېقىندىن تايىنىپ، ئاممىنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ، ئاممىنىڭ كەيپىياتىنى چۈشىنىپ، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئاممىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ھۆرمەت قىلغاندىلا، قۇدرەتلىك كۈچ ھاسىل قىلىپ، ئۆزىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىيالايدۇ.

## ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش جەھەتتە ئىپادىلەنگەن ئۆزگىچە خىسلەت: يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىش.

ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ماركسىزملىق بىلىش لۇشيەنى ۋە بىلىش ئۇسۇلىنىڭ تۈپ پرىنسىپى. پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ داھىيلىرى مۇشۇ پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشتا، ھەرقايسىسىنىڭ شەخسىي ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمىغاچقا، كۆپىنچە، ئوخشاش بولمىغان خىسلەتنى ئىپادىلەيدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىزگە رەھبەرلىك قىلىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا يول ئېچىش داۋامىدا، يۈكسەك ئىرادە ۋە يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىشتەك ئىنقىلابىي خىسلەتنى تولۇق نامايان قىلىپ، بىزگە شانلىق ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

ئىسلاھاتنىڭ ئىمسالىمۇ، تۇراقلىق ئەندىزىسىمۇ بولمىغان ئەھۋالدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ دادىللىق بىلەن سىناق قىلىش، دادىللىق بىلەن يول ئېچىشنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىسلاھاتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: بىز سوتسىيالىستىك ئىسلاھاتنى ئېلىپ بېرىشتا ئىمسقىلاپ ئىلگىرىلەيمىز، بىزدە تەييار تەجرىبە يوق، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشكە، ئەمەلىيەت داۋامىدا خۇلاسىلەپ يۈكسەلدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ كۆپ قېتىم مۇنداق دەپ تەكىتلەپ ئۆتتى: جۈرئەت بولمىسا، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ، «ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە، كىچىك پۇتلۇق ئاياللارنى دورىماي، قەدەمنى دادىلراق تاشلاش، سىناقتىن ئۆتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلىش لازىم. توغرىلىقىغا كۆز يەتكەن ئىشلارنى دادىللىق بىلەن سىناق قىلىش، دادىللىق بىلەن يول ئېچىش لازىم»، «ئاز-تولا يول ئېچىش روھى بولمىسا، ئاز-تولا 'تەۋەككۈل قىلىش' روھى بولمىسا، غەيرەت-جاسارەت دېگەنلەر بولمىسا، ياخشى يول تاپقىلى، يېڭى يول تاپقىلى بولمايدۇ، يېڭى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. خەۋپ-خەتەرگە بىر ئازمۇ تەۋەككۈل قىلماي تۇرۇپ،

www.uyghurkitap.com

ھەرقانداق ئىشتا يۈزدە يۈز ئىشەنچىم بار، قىلچە سەۋەنلىك كۆرۈلمەيدۇ، دېيىشكە كىمنىڭ جۈرئىتى يېتىدۇ؟ بىرەر ئىشنى قىلا-قىلمايلا ئۆزەمنىڭ قىلغىنى توغرا، يۈزدە يۈز توغرا دەيدىغان ئىش نەدە بار، مەن ئەزەلدىن ئۇنداق قارىمايمەن.» (774-بەت) «ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونلارنى بەرپا قىلىش توغرىسىدا، ئۇ كۆپ قېتىم مۇنداق دەپ ئېيتقان: «ئالاھىدە رايوننى بەرپا قىلىش بىر سىناق، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقسا كېڭەيتىمىز.» يەنە مەسىلەن، ئاكسىيە پاي چېكى بازىرى دېگەن نەرسىلەر ئۈستىدە توختالغاندا ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئاكسىيە، پاي چېكى بازىرى دېگەن نەرسىلەر زادى ياخشىمۇ-ياخشى ئەمەسمۇ خەۋپ-خەتەرى بارمۇ-يوقمۇ، كاپىتالىزمغىلا خاس نەرسىمۇ-ئەمەسمۇ، سوتسىيالىزم ئۇنىڭدىن پايدىلانسا بولامدۇ-بولمامدۇ؟ بۇنىڭدا قاراپ بېقىشقا يول قويۇش كېرەك، لېكىن قەتئىي سىناق قىلىش لازىم. توغرىلىقىغا كۆز يەتكەندىن كېيىن، بىر-ئىككى يىل قىلىپ بېقىپ توغرا بولۇپ چىقسا، قويۇۋېتىش لازىم؛ خاتا بولۇپ چىقسا، تۈزىتىش، تاقىۋېتىش كېرەك. تاقىۋەتكەندە، تېزرەك تاقىۋېتىشكىمۇ، ئاستىراق تاقىۋېتىشكىمۇ بولىدۇ، ئازراق قۇيرۇق قالدۇرۇپ قويۇشقىمۇ بولىدۇ. قورقىدىغان نېمىسى بار، مۇشۇنداق پوزىتسىيىدە چىڭ تۇرغانىمىزنىڭ زىيىنى يوق، چوڭ خاتالىق سادىر بولمايدۇ.» (777—778-بەتلەر) ئەسلەپ باقساق، شۇنى ھېس قىلىمىزكى، ئەگەر يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇنداق ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئىنقىلابىي روھى بولمىغان بولسا، ئويلاشقا، سىناق قىلىشقا، يول ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولساق، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىمىز بۈگۈنكىدەك ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلام بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەت بولمىغان بولاتتى. دەل يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇشۇنداق يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ئىنقىلابىي روھىغا تايانغانلىقىمىز ئۈچۈنلا، پارتىيىمىز ئاندىن ئەھۋالنىڭ مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان بولۇشىغا قارىماي، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا بارغانسېرى پۇختا قەدەم تاشلايدىغان بولۇش، بارغانسېرى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىدى.

زورلىماسلىق، ھەرىكەت ئېلىپ بارماسلىق، تالاش-تارتىش قىلماسلىق، كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيەت داۋامىدا دۇچ كەلگەن يېڭى شەيئىلەرنى بىلىشى ئۈچۈن بىر جەرياننى بېسىپ ئۆتۈشكە يول قويۇپ، ئەمەلىيەت ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ قالتىس بىر كەشپىياتى، ئۇنىڭدا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئىنقىلابىي جاسارىتى ۋە يۈكسەك رەھبەرلىك سەنئىتى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىسلاھاتتا پەيتنى چىڭ تۇتۇش كېرەكلىكىنى، تالاش-تارتىش قىلىش سەۋەبى بىلەنلا چوڭ ياخشى پەيتنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايدىـ

غانلىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلىگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "تالاش-تارتىش قىلماسلىق مېنىڭ بىر كەشپىياتىم.
تالاش-تارتىش قىلماسلىقتىن مەقسەت ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈپ تۇتۇش قىلىش. تالاش-تارتىش قىلىنسىلا،
ئىش مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ، ۋاقىتمۇ بىكار كېتىدۇ، ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ." (781-بەت)
ئۇ مۇشۇ ئىدىيىدە بولغاچقا، ئوخشاش بولمىغان پىكىر ۋە كۆز قاراشلارنى ھېچقاچانمۇ زورمۇزور بىرلىككە
كەلتۈرۈشكە ئىنتىلمەيدۇ، ھەمىشە ئوبيېكتىپ پوزىتسىيىدە تۇرۇپ، "ھازىر، بىز شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي
تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مەركەز قىلىنغان ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھاتنى ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، خۇددى يېزا ئىسلاھاتىدى-
كىگە ئوخشاش، بەزى كىشىلەر باشتا بۇنىڭدىن گۇمانلاندى، باشقىچە ئېيتقاندا، ئەندىشە قىلدى، ئۇلار
قاراپ باقماقچى بولدى، بىز بۇنداق گۇمانلىنىش پوزىتسىيىسىنىڭ ساقلىنىشىغىمۇ يول قويدۇق، چۈنكى
بۇ نورمال ئەھۋال-دە. بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىش يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئىش، ئۇلۇغ
تەجرىبە، بىر ئىنقىلاب بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن گۇمانلانماي قالامدۇ؟ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى
قوۋۋەتلەيدىغان ۋە تەشەببۇس قىلىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا بىرئاز گۇمانلىنىش پوزىتسىيىسىنىڭ ساقلىنىپ
قېلىشىمۇ پايدىلىق. بىر تەرەپ قىلىش چارىسىمۇ شۇنداق، ئۇ بولسىمۇ پاكىت بىلەن گەپ قىلىش، ئۇلارنى
ئىسلاھاتنىڭ ئەمەلىي تەرەققىياتى بىلەن قايىل قىلىش" دەپ ھېسابلايدۇ. (317—318-بەتلەر) يېزا خەلق
گۇڭشېسىدىن ئائىلە بويىچە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىگە ئۆتۈش، يۈكسەك
دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىكتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش، بىرلا خىل
ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنىڭ
بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئۆتۈش، بىكىنمىچىلىك قىلىشتىن ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشكە، شۇنىڭدەك
ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونلارنى، ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇشقا ئۆتۈش ۋە
شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھەممىسى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىنايدىغان
بىردىنبىر ئۆلچەم دەيدىغان ئىزچىل ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن ۋە
ئومۇملاشتۇرۇلغان. ئۇ ئىسلاھاتنىڭ ھەرقانداق بىر يېڭى تەدبىرى، يېڭى چارىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى
ئىنكار قىلىشقا ئالدىرىمايدۇ، ۋاقىت ۋە ئەمەلىيەتنىڭ سىنىشىغا قالدۇرىدۇ. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى
توغرىسىدا ئۇ مۇنداق دېگەن: "ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋۇجۇدقا چىقامدۇ-چىقمامدۇ، ۋۇجۇدقا چىقسا
قانچىلىك چىقىدۇ، بۇ ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا مەلۇم بولىدۇ"، ھەتتا "20-يىلنى. كېيىنكى
ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 50 يىلىنى كۆزدە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ". (268-بەت) ئون نەچچە يىللىق ئىسلاھات-ئې-

چۈشۈپتىش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، ئۇ ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان-بولمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇ بولسىمۇ، ئاساسلىقى، «ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىگە، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئومۇمىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىگە، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىگە قاراش» كېرەك دېگەندىن ئىبارەت. (775-بەت) بۇ ھەقىقەت تۇسىنى ئالغان خۇلاسە پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق تونۇشى بولۇپ قالدى.

توغرىلىقىغا كۆز يەتكەن ئىشلارنى قىلچە تەۋرەنمەي ئاخىرغىچە چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش ھەرقانداق بىر رەھبەردە ھازىرلاشقا تېگىشلىك غەيرەت ۋە جاسارەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ قالتىس جاسارىتى ۋە غايەت زور تۆھپىسى ھەممىگە ئايان. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ئائىت تۈرلۈك مۇرەككەپ مەسىلىلەر ئىچىدە، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك، ئەڭ يادرولۇق مەسىلە ئىكەنلىكىگە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ كۆزى يەتتى ھەمدە ئۇ بۇ مەسىلىنى باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇتتى. شۇڭا، ئۇ پۈتۈن پارتىيىگە قايتا-قايتا مۇنداق دەپ تەنبىھ بېرىپ كەلدى: «تەرەققىيات——چىڭ قائىدە» ھازىرقى دۇنيادا ھەرقانداق مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى، ئاخىرقى ھېسابتا، ئىقتىسادىي مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا باغلىق بولىدۇ، شۇڭا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى مەھكەم تۇتۇۋېلىش لازىم. سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىشتە، ئۇ ھەممىشە سىياسىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئىقتىسادىي مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى دۇنيا تىنچلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن باغلاپ قارايدۇ، ئۇ مۇنداق دەپ ھېسابلايدۇ: «جۇڭگو تەرەققىي قىلىپ قانچە قۇدرەت تاپسا، دۇنيا تىنچلىقى شۇنچە كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ» (212-بەت) ، «سىياسىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشى دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈنمۇ، ئاسىيا-تىنچ ئوكيان رايونلىرىنىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق.» (214-بەت) ئۇ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى دەپ قاراپ، مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ماددا-ئاساس، خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇشى ياخشىلانسا، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۆسسە، روھىي قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولىدۇ. بىزنىڭ جىنايى ئىشلار جىنايى قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىشىمىز زۆرۈر، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ

ئىزدىنىش (تاللانما)

داۋاملىق زەربە بېرىمىز، لېكىن زەربە بېرىش بىلەنلا مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. تۈپ مەسىلىنى ھەقىقىي ھەل قىلىشنىڭ يولى ــ ئىككى قاتلاش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش.» (181-بەت) ئۇ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ تونۇپ، مۇنداق دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىگەن: «نامراتلىق سوتسىيالىزمغا خاس نەرسە ئەمەس»، «تەرەققىياتنىڭ بەك ئاستا بولۇشىمۇ سوتسىيالىزمغا خاس نەرسە ئەمەس»، «دۇنيادىكى بەزى دۆلەتلەردە مەسىلە تۇغۇلدى، تۈپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا، بۇنىڭغا ئىقتىساد يۈكسەلمەسلىك، ئاچ قېلىش، يالىڭاچ قېلىش، ئىش ھەققىنىڭ ئاشقان قىسمى پۇل پاخاللىقىغا يەم بولۇش، تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كېتىش، ئۇزاق مۇددەت غۇربەتچىلىكتە ياشاش سەۋەب بولدى.» (737-بەت) يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىنى مۇشۇنداق يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ تونۇغاچقىلا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ھەممىدىن قەتئىي تۇتۇپ كەلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئەمدى قەتئىي نىيەتكە كېلىشىمىز، كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش بولمىسىلا، ئىزچىل، باشتىن-ئاياغ مۇشۇ ئىشنى ئىشلىشىمىز، ھەممىدە مۇشۇ ئىشنى ئاساس قىلىشىمىز، ئۇنى ھېچقانداق كاشىلىغا ئۇچراتماسلىقىمىز كېرەك.» «پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن خەلق بۇ ئۇلۇغۋار ئىرادىنى مۇستەھكەم تىكلىشىمىز، بەلنى قويۇۋەتمەسلىكىمىز، ‹جاھىل› راق بولۇشىمىز، قىلچە تەۋرەنمەسلىكىمىز كېرەك.» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما (1975ــ1982)»، ئۇيغۇرچە 366-بەت) ئۇ پۈتۈن پارتىيىدىن «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەندە يۈز يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشنى، ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن، ئەھۋال قانچە مۇرەككەپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ھېچقانداق كاشىلىغا ئۇچراتماسلىقنى تەلەپ قىلدى. 1989-يىلى بېيجىڭدا سىياسىي ۋەقە تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇ بەزى يولداشلارنىڭ ئەندىشىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىنتايىن ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىقنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن بىز تۈزگەن لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنىڭ توغرىلىقىدىن مەسىلە چىقتىمۇ؟» (630-بەت) «مېنىڭچە، بىز ئەسلىدە بەلگىلىگەن ئاساسىي لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر بويىچە تۇتۇش قىلىۋېرىمىز، قەتئىي تەۋرەنمەي تۇتۇش قىلىۋېرىمىز.» (636-بەت) ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەندە چىڭ تۇرۇشتا ئەڭ زور قەتئىيلىكنى كۆرسەتتى. مەملىكىتىمىزدىكى بەزى كىشىلەر بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەرغىب قىلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا دەخلى يەتكۈزگەن چاغدا، ئۇ بۇ ناتوغرا خاھىشنى قەتئىي توسۇشنى ئېنىق پوزىتسىيە

بىلەن تەشەببۇس قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ”تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرىمىز، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويىمىز دەيدىكەنمىز، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۇرۇشكە يول قويۇشقا بولمايدۇ“، ”ئەركىنلەشتۇرۇش پىكىر ئېقىمى ئەۋج ئېلىپ كەتسىلا، ئىشىمىز بۇزۇلىدۇ.“ (253—254-بەتلەر) ”بۇ پىكىر ئېقىمى توسۇپ قېلىنمىسا، ئۇ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئارقىسىدا مۇقەررەر سىڭىپ كىرىدىغان بىرمۇنچە ھەررەڭ-سەررەڭ نەرسىلەر بىلەن قوشۇلۇپ، سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشىمىز ئۈچۈن سەل قارىغۇسىز زەربە بولۇپ قالىدۇ.“ (373-بەت) ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: ”بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۇرۇش پىكىر ئېقىمى يامراپ كەتسە، ئىنتايىن ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. ئالاھىدە رايوننىڭ قۇرۇلۇشىنى ئون نەچچە يىل تۇتۇپ ئاران مۇشۇنچىلىك ھالغا كەلتۈردۇق، لېكىن، ئۇ بۇزۇلاي دېسە بىر كېچىدىلا بۇزۇلىدۇ-دە. بۇزماق ئاسان، قۇرماق ناھايىتى تەس. مەسىلىنىڭ بىخى كۆرۈلگەندە، دىققەت قىلىنمىسا چاتاق چىقىدۇ.“ (792-بەت) ئۇ باشتىن-ئاخىر مۇنداق دەپ تەكىتلەپ كەلدى: ”جۇڭگونىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشىدىكى ئەڭ ئاچقۇچلۇق مەسىلە مۇقىملىقنىڭ بولۇشى.“ ”مۇقىم مۇھىت بولمىسا، جۇڭگو ھېچقانداق ئىش قىلالمايدۇ.“ (726—727-بەتلەر) يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ مۇپەسسەل ۋە چوڭقۇر ئىدىيىلىرى پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە غايەت زور يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىدى.

## ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى: جۇڭگونى بېيىتىپ قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقنى ياخشى تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش.

ھەممىدە دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىنى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنى ۋە خەلقنىڭ بەخت-سائادىتىنى كۆزدە تۇتۇش—بۇ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇشقا، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلالىشىنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى مەقسىتى، ئۇ بىر كىتابقا تولۇپ تاشقان چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن مۇنداق دەپ سۆز بېشى يازغانىدى: ”مەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئوغلى، ۋەتىنىمنى ۋە خەلقىمنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سۆيىمەن.“ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-تومنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە بولغان چىن مۇھەببىتى ۋە ”جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىشىنى كۆزدە تۇتۇش“ يولىدىكى پۈكۈلمەس ئىنتىلىشى گەۋدىلەنگەن. خۇددى يولداش جياڭ زېمىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: ”جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى سوتسىيالىزم بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئىلمىي نەزەرىيىدۇر.“

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئېسىل تارىخى بار، ئۇلار دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى ۋە ئەڭ شانلىق مەدەنىيەتنى بەرپا قىلغانىدى. لېكىن، جۇڭگو يېقىنقى زاماندا سەپتىن چۈشۈپ قالدى. كونا جۇڭگو ھۆكۈمرانلىرىنىڭ چىرىكلىكى،ۋە كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزى جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە خورلۇق كەلتۈردى. يولداش ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدۇق، جۇڭگو خەلقى ئورنىدىن دەس تۇردى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى قايتىدىن دۇنيانىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان بولدى. لېكىن دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن "1958-يىلدىن 1978-يىلغىچە بولغان توپتوغرا 20 يىل ئىچىدە، دېھقانلار بىلەن ئىشچىلارنىڭ كىرىمى ھېچقانچە ئاشمىدى، تۇرمۇش سەۋىيىسى بەك تۆۋەن بولۇپ كەلدى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئانچە كۆپ راۋاجلانمىدى." (235-بەت) دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە بىز بىلەن ئاساسەن بىر قاتاردا تۇرغان بەزى ئاسىيا دۆلەتلىرى كېيىن ئارقا-ئارقىدىن بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتتى-دە، جۇڭخۇا مىللەتلىرى يەنە سەپتىن چۈشۈپ قېلىش خەۋپىگە دۇچكەلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ تارىخىي ساۋاق ۋە جىددىي رېئاللىقنى كۆزدە تۇتۇپ، تەنتەنە بىلەن مۇنداق دەپ جاكارلىدى: "جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىشلىشىمىز لازىم. مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئىلگىرى بىزنىڭ مەۋقەيىمىز بولغانىدى، ھازىرغىچە بىزنىڭ مەۋقەيىمىز بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ." (5-بەت)

1989-يىلى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىمىزنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشنى سەممىيەت بىلەن تاپىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: "جۇڭگو ئەزەلدىن بىر نامرات دۆلەت تۇرسا، نېمە ئۈچۈن جۇڭگو-ئامېرىكا-سوۋېت ئىتتىپاقى 'ئۈچ چوڭ تەرەپ' دېگەن گەپ چىقىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، جۇڭگو مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا دۆلەت. نېمە ئۈچۈن دۆلىتىمىزنى مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا دۆلەت دەيمىز؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرىمىز." (644—645-بەتلەر) بۇ بىزگە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، جۇڭگو چوڭ دۆلەت بولغاچقا، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇشى كېرەك؛ جۇڭگو مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەت بولغاچقا، ئۆز يولىدا مېڭىشى كېرەك؛ جۇڭگو ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا تەۋرەنمەي ماڭغاندىلا، گۈللەپ راۋاج

تاپالايدۇ.

خەلقنىڭ ئارزۇ-تىلىكىگە ئاساسەن، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا يول ئېچىش. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىزنىڭ دۆلىتىمىز ۋە خەلقىمىزنى تازا قىزغىن سۆيىدۇ، ئۇ ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا خەلقنىڭ ھاللىق تۇرمۇش كەچۈرۈشى، مىللەتنىڭ راۋاج تېپىشى ۋە دۆلەتنىڭ گۈللىنىشىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئۇ باشتىن-ئاخىر سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ مەقسىتىنى خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە باغلاپ، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى خەلقنى ئورتاق بېيىتىشتۇر، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ مەقسىتىمۇ، سوتسىيالىزمنىڭ مەقسىتىمۇ خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت، دەپ كۆپ قېتىم ئېيتىپ ئۆتكەن. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: "بىز دۇنيا ئاھالىسىنىڭ بەشتىن بىرى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشىمىز، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئېخىمۇ ئوبدان ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم، بۇ ــ بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز." (677 ــ 678-بەتلەر) ئۇ ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىنى ھەر ۋاقىت نەزەرگە ئېلىپ، خەلقنىڭ ئارزۇ-تىلىكىنى ھەربىر فاكچېن، سىياسەتنى تۈزۈشنىڭ تۈپ ئاساسى قىلىپ كەلدى. ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ئەگرى-توقايلىق يۈز بېرىپ، سىياسىي ئىدىيە ساھەسىدە مەلۇم خاتا خاھىش پەيدا بولۇپ، خەلقئارادىكى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى بەزى زاتلار، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتى ئۆزگىرىپ قالارمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلغان ۋاقىتلاردا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھەممە خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، ئۆزگىچە خاس ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى بىلەن مۇنداق دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىگەن: "بىزنىڭ ھازىر تۇتقان يولىمىز توغرا، بۇنىڭدىن خەلق خۇش بولماقتا، بىزنىڭ ئىشەنچىمىزمۇ ئېشىپ بارماقتا. بىزنىڭ سىياسىتىمىز ئۆزگەرمەيدۇ." (54-بەت) 1992-يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئۇ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ كېلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "ئاشۇ قىسقىغىنا ئون نەچچە يىل ئىچىدە، دۆلىتىمىز شۇنچە تېز تەرەققىي تاپتى، بۇ ھال خەلقنى خۇش قىلدى، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى، بۇنىڭ ئۆزى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاكچېن، سىياسەتلەرنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ھېچكىمنىڭ ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى." (771 ــ 772-بەتلەر) ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشكە ئائىت تۈرلۈك تەدبىرلەرنىڭ روشەن خەلقچىللىقى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىنى غايەت زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى.

داۋالغۇپ، ئۆزگىرىپ تۇرغان خەلقئارا مۇھىتتا توغرا تاشقى سىياسەتنى تۇرغۇزۇپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغداش. يولداش دېڭ شياۋپىڭ خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشنى ۋە

دۆلەت مەنپەئەتىنىڭ تۈپ تەلىپىنى نەزەردە تۇتۇپ، خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ستراتېگىيىلىك تۈزۈلمىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىنى كۆزىتىپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنى دۆلەت مەنپەئەتىنىڭ مەركىزى قىلىپ تۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ تاشقى سىياسىتىنى تەڭشىدى، تاشقى مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئىدېئولوگىيىگە قاراپ سەپ ئايرىيدىغان ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، ئېلىمىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىدى. 1989-يىل 10-ئايدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ چەتئەللىك مېھمانلارغا مۇنداق دېدى: «دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەت ئۈستىدە ئويلانغاندا، ئاساسلىقى دۆلەتنىڭ ئۆزىنىڭ ستراتېگىيىلىك مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك. دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ يىراق كەلگۈسى ستراتېگىيىلىك مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تارىخىي ئاداۋەت بىلەن ھېسابلاشماي، ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى پەرق بىلەن ھېسابلاشماي، قارشى تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ ھۆرمەت قىلىشى ھەمدە چوڭ-كىچىك، كۈچلۈك-ئاجىز دېمەي بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلىشى، بىر-بىرىگە باراۋەرلىك ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىشى لازىم.» (688-بەت) شۇنىڭ بىلەن بىللە، «بىر سوغۇق ئۇرۇش ئاياغلىشىپ، يەنە ئىككى سوغۇق ئۇرۇش باشلىنىپ كەتكەن»لىكدەك يېڭى ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، بەزى غەرب ئەللىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى دېگەننى باھانە قىلىپ دۆلەت ھوقۇقىمىزغا زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىشلىرىغا قارىتا ئېنىق پوزىتسىيە بىلەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «كىشىلەر كىشىلىك ھوقۇقىنى قوللايدۇ، لېكىن دۆلەت ھوقۇقى دېگەن بىر ھوقۇقنىڭ بارلىقىنىمۇ ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىق كېرەك. كىشىلىك غۇرۇرىدىن سۆز ئاچقاندا، دۆلەتنىڭ غۇرۇرى دېگەن بىر غۇرۇرنىڭ بارلىقىنىمۇ ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىق لازىم. بولۇپمۇ دۆلىتىمىزدەك ئۈچىنچى دۇنياغا تەۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتنىڭ مىللىي غۇرۇرى بولمىسا، ئۆزىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىكىنى قەدىرلىمىسە، ئۇ دۆلەت بولۇپ تۇرالمايدۇ.» (691-بەت) «دۆلەت ھوقۇقى كىشىلىك ھوقۇقىدىن كۆپ مۇھىم بولغان ھوقۇق.» «جۇڭگو سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرىدۇ، بۇنى ئۆزگەرتمەيدۇ.» (721-، 722-بەتلەر) يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ جاراڭلىق سۆزلىرى ئارقىلىق، چوڭ ھەق-چوڭ ناھەق مەسىلىسىدە دۆلەتنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغداپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېگىلمەس جەسۇرلۇقىنى كۆرسەتتى. خەلقئارا ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان جىددىي ئەھۋالدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «خەلقئارا ۋەزىيەتنى مۇنداق ئۈچ ئېغىز سۆز بىلەن يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بىرىنچى، ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن كۆزىتىش؛ ئىككىنچى، ئالدىنقى جەبھىنى چىڭ تۇتۇش؛ ئۈچىنچى، سالماقلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇش.» (667-بەت) «جۇڭگو مەڭگۈ ئۈچىنچى دۇنيا تەرەپتە تۇرىدۇ، جۇڭگو مەڭگۈ زومىگەر بولمايدۇ،

جۇڭگو مەڭگۇ باشچىمۇ بولمايدۇ.» (753ــ754-بەتلەر) شياڭگاڭ مەسىلىسىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قەتئىي قوغدىدى. ئۇ 1982-يىلى ئەنگلىيىنىڭ ئەينى چاغدىكى باش ۋەزىرى ساچېر خانىم بىلەن سۆھبەتلەشكەن چاغدىلا ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسىگە كەلسەك، جۇڭگو بۇ مەسىلىدە ئىمكانىيەت قالدۇرمايدۇ. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتساق، ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى مۇزاكىرىلىشىدىغان مەسىلە ئەمەس.» (22-بەت) شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ شياڭگاڭنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلايدىغان «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» تەسەۋۋۇرىنى قايتا-قايتا شەرھلەپ، جۇڭگو-ئەنگلىيە بىرلەشمە باياناتىنىڭ ئىمزالىنىشى ۋە شياڭگاڭ نېگىزلىك قانۇنىنىڭ تاماملىنىشى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان قالتىس ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئۈچۈن پايدىلىق تاشقى مۇھىت يارىتىش جەھەتتە ياراتقان تارىخىي تۆھپىسى قوياشتەك مەڭگۇ چاقناپ تۇرىدۇ.

جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللىي غۇرۇرى، ئىشەنچى ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى قوزغاپ، ئۇنى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مەنىۋى تۈرتكىگە ئايلاندۇرۇش. يولداش دېڭ شياۋپىڭ «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرەيلى» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «مەن بىر جۇڭگولۇق، چەتئەللەر جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان تارىخنى بىلىمەن. غەربتىكى يەتتە دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ جۇڭگونى جازالاشنى قارار قىلغانلىقىنى ئاڭلاپلا 1900-يىلى سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان تارىخى ئېسىمگە كەلدى. ... جۇڭگو تارىخىدىن ئاز-تولا خەۋەردار بولۇش كېرەك. بۇــجۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنىڭ بىر مەنىۋى تۈرتكىسى.» (742ــ743-بەتلەر) «جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزىگە ئىشەنچى بار، جۇڭگولۇقلار ئۆزىنى پەس كۆرسە نىجاتلىق تاپالمايدۇ. جۇڭگولۇقلار ئۆتمۈشتە بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆزىنى پەس كۆرگەنىدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئورنىدىن دەس تۇردى.» (678-بەت) يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ روشەن ۋەتەنپەرۋەرلىك مەيدانىدا تۇرۇپ قىلغان بۇ سۆزلىرى جۇڭگو خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئىپادىلەپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ يەلكىسىدىكى ئېغىر تارىخىي يۈكنى خەلقنى جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان مەنىۋى كۈچكە ئايلاندۇردى. ئۇ كۆپ قېتىم شۇنى تەكىتلىدىكى، ئۆزىمىزنىڭ تارىخىدىن خەۋەردار بولۇش ناھايىتى مۇھىم ئىش، بۇ تارىخىمىز ئارقىلىق خەلقىمىزگە، ياشلىرىمىزغا تەربىيە بېرىش كېرەك، ئۇلار ئۆزىدە مىللىي ئىشەنچنى ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى تىكلىۋالسۇن، دۆلىتىمىزنى قىزغىن سۆيۈپ، ئۇنى تەرەققىي تاپقۇزۇشقا كۈچ چىقارسۇن، ۋەتەننى سۆيۈشنى،

سوتسىيالىستىك ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشكە پۈتۈن كۈچنى تەقدىم قىلىشنى ئەڭ شەرەپلىك ئىش، سوتسىيالىستىك ۋەتەننىڭ مەنپەئىتىگە ۋە غۇرۇرىغا زىيان يەتكۈزۈشنى ئەڭ نومۇسلۇق ئىش دەپ بىلىدىغان بولسۇن. ئۇ چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلىش ۋە ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا يەنە مىللىي ئىنكارچىلىققا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى زور كۈچ بىلەن نۇرلاندۇرۇشنى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئېسىل پەزىلىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئەۋج ئالدۇرۇشنى، ھەربىر كىشىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى تولۇق ئىشقا سېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە مۇنداق دەپ ھېسابلايدۇ: "جۇڭگولۇقلار ئەقلىي جەھەتتە چەت ئەللىكلەردىن قېلىشمايدۇ، جۇڭگولۇقلار كەم ئەقىللىقلاردىن ئەمەس، چەت ئەللىكلەرلا ئىشنى قاملاشتۇرالايدۇ، دەپ قارىماسلىق كېرەك. بىز جۇڭگولۇقلارمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىشنى قاملاشتۇرالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىشىمىز لازىم." (122-بەت) سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىكى بار، ئۆزىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق ئېسىل مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ۋە ئەينەك قىلىشقا ماھىر بولساقلا، ئىشىمىزنى تېخىمۇ تېزرەك، تېخىمۇ ياخشىراق ئىشلىيەلەيمىز. ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمىزنىڭ ستراتېگىيىلىك نىشانى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دېگەن: "مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 800 دوللاردىن توغرا كەلتۈرۈش——بىزنىڭ نىشانىمىز. ...بۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مىللىي ئىشلەپچىقىرىشىمىزنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 1 تىرىليون دوللارغا يېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇ چاغقا بارغاندا، جۇڭگو ئىنسانىيەتكە چوڭراق تۆھپە قوشالايدۇ." (116-بەت) نىشان قانچە ئۇلۇغ بولسا، شۇنچە جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە، شۇنچە قەتئىي ئىشەنچ ۋە كۈرەش ئىرادىسىنى تىكلەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ: جۇڭگودا تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا، كۈچنى ئايىماي جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش كېرەك؛ خەلققە قارىتىلغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشنى، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يېڭى كىشىلەردىن بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم، دەپ قايتا-قايتا تەكىتلەپ كەلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش روھىنى تەشەببۇس قىلىش، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بولۇش ھەققىدىكى تەربىيىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدا تەكىتلەپ ئېيتقان بۇ سۆزلىرى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشى ئۈچۈن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

www.uyghurkitap.com

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان سىياسىي جاسارىتى، ئەمەلىي ئەھۋالغا، ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىدىغان ئىلمىي پوزىتسىيىسى، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ئىنقىلابىي خىسلىتى ۋە چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى پۈتۈن پارتىيىگە، پۈتۈن ئارمىيىگە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە شانلىق ئۈلگە تىكلىدى. ھازىر ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە ئارمىيىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يېڭى بىر باسقۇچقا كىرىپ قالدى، ئالدىمىزدا تېخىمۇ مۇرەككەپ، تېخىمۇ مۇشكۈل ۋەزىپىلەر تۇرماقتا. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى قىبلىنامە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇ كۆرسىتىپ بەرگەن نىشانغا قاراپ تەۋرەنمەي ئالغا ئىلگىرىلەپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە يۈز يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى ئۇلۇغۋار پروگراممىسى-نىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئېشىشىنى، ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش فاڭجېنىنىڭ ھەقىقىي ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىنى، ئارمىيىنىڭ ئۆزىنىڭ تۈپ مەسئۇلىيىتىنى ئوبدان ئادا قىلىشىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى كۈچلۈك بىخەتەرلىك كاپالىتى بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز كېرەك. چوڭقۇر ئۆگىنىش ئارقىلىق، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3-تومىغا سىڭگەن جەۋھەرنى ئىگەللەپ، بارلىق كادىرلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ماھارىتى، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ماھارىتى ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى، ئارمىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ماھارىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئىشلىرىمىزنىڭ مەڭگۈ گۈللىنىپ، تەرەققىي قىلىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىنجان**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئايشەم تاۋار**

# جۇڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى توغرىسىدا

جۇ سۇيۈەن

جۇڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى پارتىيىنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى يېڭىباشتىن توغرا مۆلچەرلەپ، مەملىكىتىمىزنىڭ يەنىلا سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى تونۇش ئاساسىدا پەيدىنپەي شەكىللەنگەن. مەملىكىتىمىزنىڭ يەنىلا سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى جۇڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسىدۇر. جۇڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئۈچۈن، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى، مەملىكىتىمىز سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ دېگەن مۇھىم ۋە ئىلمىي يەكۈننى ئوبدان تەتقىق قىلىش كېرەك.

## دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى توغرا تونۇش توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى

يولداش ماۋ زېدۇڭ 1939-يىلى يازغان «جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى» دېگەن ئەسىرىدە چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق كۆرسەتكەن: ”جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق چۈشىنىۋالغاندىلا، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئوبيېكتىنى، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىپىسىنى، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرىنى، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئىستىقبالىنى ۋە

بۇرۇلۇشنى ئېنىق چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق چۈشىنىش يەنى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى ئېنىق چۈشىنىش ئىنقىلابنىڭ بارلىق مەسىلىلىرىنى ئېنىق چۈشىنىشنىڭ تۈپ ئاساسى.» («ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 2-نەشرى، 2-توم، 1253-بەت) دېمەك توغرا سىياسىي لۇشيەن تۈزۈپ چىقىشتا، ھەممىدىن مۇھىم ۋە ھالقىلىق مەسىلە ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى توغرا تونۇش كېرەك. يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە، يولداش ماۋ زېدۇڭ ۋەكىللىكىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزدىنىش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئالاھىدە دۆلەت ئەھۋالىنى توغرا تونۇپ، جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي خاراكتېرىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى تونۇپ يېتىپ، جۇڭگو ئىنقىلابى قايسى باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ دېگەن مەسىلىگە توغرا جاۋاب بەردى، مۇشۇ ئاساستا، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب نەزەرىيىسىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ باش لۇشيەنىنى تۈرۈپ چىقتى، بۇ لۇشيەن: پرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلىدىغان، خەلق ئاممىسى قاتناشقان، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا ۋە بىيۇروكرات كاپىتالىزمغا قارشى ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىش دېگەندىن ئىبارەت. مۇشۇ باش لۇشيەنگە ئاساسەن، يەنە بىر قاتار مۇناسىپ ستراتېگىيە ۋە تاكتىكىلارنى تۈزۈپ، جۇڭگوچە ئىنقىلاب يولىنى يەنى يېزا ئارقىلىق شەھەرلەرنى قورشاش، ئەڭ ئاخىرىدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت قورallıق كۈرەش يولىنى ئاچتى. 22 يىللىق قانلىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى تولۇق قولغا كەلتۈردى. بۇ جەرياندا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە تۇنجى قېتىملىق تارىخىي خاراكتېرلىك سەكرەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگونىڭ ماركسىزمى —— ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

يېڭى دېموكراتىزملىق لۇشيەن نېمە ئۈچۈن توغرا بولدى ھەم مۇۋەپپەقىيەت قازاندى؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇ جۇڭگونىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلگەنىدى. جۇڭگودا مىللىي بۇرژۇئازىيە ماغدۇرسىز ۋە تەبىئىي ئاجىز بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالالمايدىغانلىقىنى، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ۋە ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئەڭ تەشكىللىك ئىنتىزامچانلىقى ئىگە بولغان، ئەڭ مول ئىنقىلابىي روھقا ئىگە بولغان پرولېتارىياتنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئورۇن بېرىشكىلا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى. ئەمما، دۈشمەن ئىنتايىن كۈچلۈك بولغاچقا، ئەڭ كەڭ بىرلىك سەپ تەشكىللەپ، خەلق

ئامىسىغا تايىنىپ بىرلىشىپ كۈرەش قىلىش زۆرۈر ئىدى. نېمە ئۈچۈن روسىيىنىڭ چوڭ شەھەرلەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش يولىدا ماڭماي، يېزا ئارقىلىق شەھەرلەرنى قورشاش يولىدا ماڭدۇق؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، يېزىلار دۈشمەن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاجىز ھالقىسى، شەھەرلەر دۈشمەننىڭ كۈچى مەركەزلەشكەن جاي بولغاچقا، ئاجىز ھالقىدا دۈشمەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ۋە دۈشمەننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ، ئىشچى-دېھقانلارنىڭ قوراللىق مۇستەقىل ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلىپ، ئۇچقۇندىن يالقۇن چىقارغىلى بولاتتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، جۇڭگودا "تېز غەلىبە قىلىش قارشى" ۋە "مۇنقەرزچىلىك قارشى" ئوتتۇرىغا چىقتى، ماۋ زېدۇڭ بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ خاتالىقىنى تەنقىد قىلىپ، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. "تېز غەلىبە قىلىش قارشى" دىكىلەرنىڭ دۈشمەننىڭ ۋاقىتىنچە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، مەملىكىتىمىزنىڭ ۋاقىتىنچە ئاجىز ئىكەنلىكىنى، دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدا زور پەرق مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرەلمەي، "تېز غەلىبە قىلىش" دېگەن يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويۇشى دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، "مۇنقەرزچىلىك قارشى" دىكىلەرنىڭمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچىنى ۋە دۈشمەننىڭ ئاجىزلىق ماھىيىتىنى ئېنىق كۆرەلمەي، دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلمەي، "مۇنقەرزچىلىك" يەكۈننى چىقىرىشى ئوخشاشلا دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى، ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكىنى، ئۈستۈنلۈكى ۋە پايدىسىز تەرىپىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئاخىرقى غەلىبە جۇڭگو خەلقىگە مەنسۇپ بولىدۇ دېگەن يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ يەكۈننىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولغان بىردىنبىر توغرا يەكۈن ئىكەنلىكىنى تارىخ ئىسپاتلىدى.

ئىنقىلاب قىلىشتا ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى توغرا بىلىش كېرەك، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىمۇ شۇنداق. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىز سوتسىيالىزم يولىدا ماڭدۇق. ئەمما، جۇڭگودەك ئارقىدا قالغان چوڭ شەرق دۆلىتىدە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش مەسىلىسى ماركسىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى يېڭى مەسىلە ئىدى. سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش باسقۇچىدا، بىز جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرىنى يارىتىپ، غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدۇق. بىراق كېيىن ئوڭغۇن ئەگرى-توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، بەدەل تۆلىدۇق، ئاچچىق ساۋاقلارغا ئىگە بولدۇق.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلدىكى ئىشلارنى ئەسلەيدىغان بولساق، شۇنى

ھېس قىلىمىزكى، بۇ مەزگىلدە پارتىيىمىز مەملىكىتىمىزنىڭ قانداق تارىخىي باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ئەڭ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالمىدى. 50-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، دائىم «سول» چىللىق خاتالىقنى سادىر قىلىپ تۇردى، مەيلى سىنىپىي پەرقنى تۈگىتىش جەھەتتە بولسۇن ياكى سىياسىي تۈزۈلمە ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە بولسۇن، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتە ئالدىراقسانلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. ئۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى توغرىسىدىكى تونۇش ئېنىق بولماي، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىدىن چەتلەپ كەتكەنلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭ نەتىجىسىدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش بىھۇدە يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. تارىخىي تەجرىبە-ساۋاقلار ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىنى چۈشىنىۋېلىشنىڭ مۇھىملىقىنى قايتا-قايتا ئىسپاتلىدى. ئىنقىلاب قىلىشتىمۇ، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىمۇ ماركسىزم-لېنىنىزم كىتابلىرىغىلا يېپىشىۋېلىشقا بولمايدۇ، چەت ئەللەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىشكىمۇ بولمايدۇ، چوقۇم جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئەمەلىيەت داۋامىدا جۇڭگوچە ئىنقىلاب يولىنى ۋە قۇرۇلۇش يولىنى ئېچىش لازىم. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغاندەك: «ماركسىزم جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ماركسىزم بولۇشى، سوتسىيالىزم جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بولۇشى كېرەك»، مانا بۇ «بىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ چىقارغان ئاساسىي خۇلاسىمىز.» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3-توم، 127-، 5-بەتلەر)

## سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك

پارتىيە 13-قۇرۇلتىيى ئېچىلىش ئالدىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىتالىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى لوتتى ۋە زانگېرى بىلەن كۆرۈشكەندە «دەسلەپكى باسقۇچتىكى سوتسىيالىزم» توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزىرىنى ئېنىق شەرھلەپ مۇنداق دېگەنىدى: «سوتسىيالىزمنىڭ ئۆزى كوممۇنىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى، ۋەھالەنكى بىزنىڭ جۇڭگو يەنە كېلىپ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا يەنى تەرەققىي

تاپمىغان باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ھەممىدە مۇشۇ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ئومۇمىي پىلاننى مۇشۇ ئەمەلىيەتكە ئاساسەن تۈزۈش لازىم.» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3-توم، 521—522-بەتلەر) بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىزنى يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى خىيالىي ئامىللارنى يەنىمۇ تۈزىتىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا بولغان تونۇشىمىزنى تامامەن رېئاللىق ئاساسىغا قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. «سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى» توغرىسىدىكى قاراش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ چىقىش نۇقتىسى بىلەن مەۋقەسى، شۇنداقلا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسى.

مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئەھۋالى قانداق؟ دەسلەپكى باسقۇچ توغرىسىدىكى نەزەرىيىدە بۇ مەسىلە ئىلمىي تەھلىل قىلىنغان ۋە يىغىنچاقلانغان. بىر تەرەپتىن، بىرنەچچە ئون يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى زور بىر قەدەم ئىلگىرىلىدى، دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇمىي كۈچى زور دەرىجىدە ئاشتى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم پۇختا ئاساسقا ئىگە بولدى، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى تۈزۈمى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى، ماركسىزم ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىدى، مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئاھالىمىز كۆپ، ئاساسىمىز ئاجىز، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىمىزنىڭ سەۋىيىسى تېخى بىر قەدەر تۆۋەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەرەققىيات تەكشى ئەمەس، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتى ھېلىھەم دۇنيا بويىچە ئاخىرقى قاتاردا تۇرىدۇ. گەۋدىلىك ئەھۋال شۇكى، بىر مىلياردتىن ئوشۇق ئاھالىنىڭ 800 مىليونى يېزىدا، ئاساسىي جەھەتتىن قول ئەمگىكى بىلەن قورساق تويغۇزىدۇ؛ بىر قىسىم زامانىۋى سانائەت زامانىۋىلىشىش سەۋىيىسى نەچچە ئون يىللاپ ھەتتا يۈز يىللاپ ئارقىدا قالغان زور مىقتاردىكى سانائەت بىلەن بىللە مەۋجۇد بولۇپ تۇرماقتا؛ ئىگىلىكى بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان بىر قىسىم رايونلار تەرەققىي تاپمىغان ۋە نامرات ھالەتتە تۇرۇۋاتقان كەڭ رايونلار بىلەن بىللە مەۋجۇد بولۇپ تۇرماقتا؛ دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە ئاز ساندىكى پەن-تېخنىكا پەن-تېخنىكا سەۋىيىسى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى بولمىغان ساۋاتسىزلار ۋە چالا ساۋاتلار ھېلىھەم ئاھالىنىڭ ئاز كەم تۆتتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەھۋال بىلەن بىللە مەۋجۇد بولۇپ تۇرماقتا. شۇڭا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئارقىدا قېلىشى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ خىلمۇ خىل بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۈستقۇرۇلمىنىڭ پىشىپ يېتىلمەيدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. بۇ ھال شۇنى

چۈشەندۈردۇكى، بىز ھازىرمۇ تېخى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن چىقىپ كېتىشتىن يىراقتا تۇرماقتىمىز. قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ شەرتى، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزنىڭ ئاساسى ئەنە شۇ.

پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن، ئۇ يەنە كېلىپ بۇ نەزەرىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى. بىز نېمە ئۈچۈن باشقا ئاساسىي لۇشيەندە ئەمەس، بەلكى مۇشۇ ئاساسىي لۇشيەندە چىڭ تۇرىمىز؟ بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى شۇكى، پەقەت "بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا"دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنلا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

بىرىنچى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

ئېنگېلسنىڭ مۇنداق مەشھۇر بىر جۈملە سۆزى بار: "ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل مۈلۈكچىلىكنى قوغداش ئۈچۈن باشقا بىر خىل مۈلۈكچىلىككە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان." («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 21-توم، 131-بەت) پرولېتارىياتنىڭ ئاڭلىق ۋە تەشكىللىك ئاساستا سىنىپىي كۈرەش ۋە ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشتىن مەقسىتى نېمە؟ كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە، پرولېتارىياتنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىگە ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىشىدىكى ئاساس كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم ئىدى، پرولېتارىيات سىنىپىي كۈرەش ۋە ئىنقىلابنى دەل مۇشۇ ئاساستا ئېلىپ بارغان. بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەممە كاپىتالىنى تارتىۋېلىپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنى ئورنىتىشنىڭ ئۆزى پرولېتارىياتنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ئىدى. كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنى بۇرژۇئا دۆلەت ھاكىمىيىتى قوغداپ تۇرغان بولغاچقا، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىش پرولېتارىياتنىڭ ئۆزىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان ۋاستە بولۇپ قالىدۇ. پرولېتارىيات ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، يەنە ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە كەڭ ئەمگەكچىلەرنى يېتەكلەپ سوتسىيالىستىك ئىقتىساد بەرپا قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇستەھكەملەپ، سوتسىيالىزمنىڭ كاپىتالىزمدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغىلى، ئەمگەكچى خەلقنى بەختلىك ياشاش ۋە پەيدىنپەي ئومۇمىيۈزلۈك ئەركىن راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۈچ چوڭ

پەرقنى تۇگەتكىلى، ئاخىرقى ھېسابتا كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە قەدەم قويغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىلىشتىن بۇرۇن كاپىتالىزم تولۇق راۋاجلانغان دۆلەتلەر كۆزدە تۇتۇلغان. يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتتە دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن دۆلىتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋەزىپىسى تېخىمۇ جىددىي ۋە مۇشكۈل بولىدۇ. چىن مەنىدىن ئېيتقاندا، بىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ئادەتتىكى مەنىدە ئېيتىۋاتمايمىز، بەلكى بۇنىڭدا خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ قوغدىشى ئاستىدا، ئىلغار سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە ۋە ماركسىزم ئىدىيىسىنىڭ تۈرتكىسىگە تايىنىپ، ئەسلىدە بۇرژۇئازىيە ئورۇنداشقا تېگىشلىك بولغان سوتسىيالىزم ئۈچۈن ماددىي-تېخنىكىۋى ئاساس سېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىمىز كېرەكلىكىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمىز. مۇشۇنداق ماددىي-تېخنىكىۋى ئاساسقا ئىگە بولمىساق، يەنى ئىقتىساد-تېخنىكا جەھەتتە ئارقىدا قېلىش ھالىتىمىزنى ئۆزگەرتمىسەك، سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنى ھەقىقىي مۇستەھكەملەشتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى پۇختا ئىگىلەش، باشقا بارلىق خىزمەتلەرنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا بويسۇندۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇ.

ئىككىنچى، بىز نېمە ئۈچۈن ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنى يولغا قويدۇق؟ بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىلگىرى "بىرىنچىدىن چوڭ، ئىككىنچىدىن ئومۇمىي، ئۈچىنچىدىن ساپ" بولۇش ئاساسىدىكى مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسى ۋە يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن بىر خىللا پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ھالەتتىن چەتنەپ كەتكەنىدى. ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن دەسلەپكى باسقۇچقا باب كەلمەيدىغان مۇلۇكچىلىك تۈزۈلمىسى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە بوغۇپ تۇرغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلغىلى بولىدۇ. سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى شۇنىڭدەك پەن-تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ۋە مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى قاتارلىق ئىسلاھاتلاردىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

بىز ئۆزىمىزنىڭ بايلىقىدىن ۋە خەلقئارادىكى بايلىقتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىچكى-تاشقى بازارنى ئېچىپ، دۇنيا ئەللىرى جۈملىدىن تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك ئەللەر ياراتقان بارلىق ئىلغار مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى دادىل قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن دادىل پايدىلىنىشنى، بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا،

سىرتقا ئىشكىنى ئېچىۋېتىشنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كەلدۇق، بۇنىڭدىن مەقسەت قۇرۇلۇش مەبلىغى يېتىشمەسلىك، ئۇسكۇنىلەر كونىراپ كېتىش، تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش ئارقىدا قېلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش. بۇ بىزنىڭ ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك نىشانغا يېتىپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن تېزرەك چىقىپ كېتىشىمىزگە تولىمۇ پايدىلىق.

ئۈچىنچى، بىزنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشىمىزمۇ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەسىلەن، بىز سوتسىيالىزم يولىدا تەۋرەنمەي مېڭىشنى ئەمما سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ساپ. ئۈستىگە ساپ قىلىپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلدۇق. يەنە مەسىلەن، بىزدىكى خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ماھىيەتتە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدىن ئىبارەت، ئەمما، دىكتاتۇرا سۇبيېكتىنىڭ دائىرىسى ماركسىزم ئاساسچىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن بەكلا كەڭ. يەنە مەسىلەن، ئىدېئولوگىيە جەھەتتە، بىز ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇشنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم ۋە كوللېكتىپچىلىكنى ئاساسىي ملودىيە قىلىشنى، ئاساسىي ملودىيىنى راسا ئەۋج ئالدۇرۇشنى تەكىتلەيمىز، ئەمما ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا خىلاپ بولمىغان غەيرىي ماركسىزملىق ۋە غەيرىي ئاساسىي ملودىيىلىك نەرسىلەرنىڭمۇ مۇۋاپىق دەرىجىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويىمىز. قىسقىسى، ھەرقايسى جەھەتلەردە پرىنسىپاللىقنىمۇ، جانلىقلىقنىمۇ تەكىتلەيمىز.

## دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئەھۋالىنى ئەستە چىڭ تۇتۇپ، ھەرخىل خاتا تونۇشلارنى تۈزىتىش كېرەك

جۇڭگو ھېلىھەم سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىش ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن زور ئىلىم-پەن نەتىجىسى، بۇ ھۆكۈم كۆپ يىللىق ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا چىقىرىلغان. دەل شۇنداق بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان چۈشەنچىسىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇشى ئۈچۈن جەريان كېرەك. ئالدىنقى يىللاردىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ھۆكۈمنى توغرا چۈشىنىش ئانچە ئوڭاي ئەمەس. مەسىلە ئاساسەن ماركسىزم ئاساسچىلىرىنىڭ كەلگۈسى جەمئىيەت ئۈستىدىكى پرىنسىپال تەسەۋۋۇرى بىلەن مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ رېئاللىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەھەتتە كۆرۈلمەكتە. بەزىلەر بۇ

ئىككىسىنى قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇپ، بىر بولسا ئىلمىي سوتسىيالىزمنى خىيالىي نەرسە دەپ قاراۋاتىدۇ، بىر بولسا كاپىتالىزم يولىدا مېڭىپ، كاپىتالىزم دەرسىنى تولۇقلىۋېلىشىمىز كېرەك دەپ قارىماقتا، بۇ ئىككى خىل قاراشتىكى كىشىلەر ئىچىدە، ئىلمىي سوتسىيالىزمغا پۈتۈنلەي قارشى تۇرىدىغان كىشىلەر بىلەن جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشىغا قارشى تۇرىدىغان كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان كىشىلەر ئاساسەن ماركسىزم ئاساسچىلىرىنىڭ كەلگۈسى جەمئىيەت ئۈستىدىكى ئىلمىي ھۆكۈمىنى خاتا چۈشىنىۋالغان.

ماركسىزم ئاساسچىلىرىنىڭ كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدىكى پرىنسىپال تەسەۋۋۇرى كاپىتالىزمنىڭ يۈكسەك تەرەققىي قىلىشىدىن كېلىپ چىققان ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇلار ئاساس قىلغان رېئال ئەندىزىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى تېخى يېقىندىلا مەۋجۇت بولۇشتىن قالغان بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئابستراكسىيىلەشتۇرگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكىنى چىقىرىپ بىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ۋە يېتىش ئېھتىمالى بولغان سەۋىيىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. مۇشۇنداق ئابستراكت ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئەينى ۋاقىتتىكى كاپىتالىزم ۋە رېئال سوتسىيالىزمنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا ھازىرقى تەرەققىي تاپقان كاپىتالىزمنىڭكىدىنمۇ يۇقىرى. چۈنكى ھازىرغىچە بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى تامامەن سىغدۇرالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكىنى يوق. ماركسنىڭ بۇنداق تىپىكلەشتۈرۈلگەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا ئاساسلىنىپ ئوتتۇرىغا قويغان كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ئۈستىدىكى پەرىزى ئىشلەپچىقىرىش يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان جەمئىيەتتىلا مەۋجۇد بولۇپ تۇرالايدۇ، بۇ قىلچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى نەزەرىيىۋى تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋاقىتتا، تىپىكلەشتۈرۈلگەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا ئاساسلانغاندىلا، ئاندىن كاپىتالىزمنىڭ ئاساسىي زىددىيىتىنى ۋە كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى سوتسىيالىزم ئالىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مۇقەررەرلىكنى ئېچىپ بەرگىلى، ئاندىن كەلگۈسى جەمئىيەت ئۈستىدە ئىلمىي يەكۈن چىقارغىلى بولىدۇ.

ماركسىزم ئاساسچىلىرى جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى خۇلاسىلىشى سوتسىيالىزمنى بىر خىل ساپ فورماتسىيە سۈپىتىدە نەزەرىيە جەھەتتىن يۈكسەك دەرىجىدە ئابستراكسىيىلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. خۇلاسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسىي ئالاھىدىلىك پىشىپ يېتىلگەن سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىلا تامامەن

www.uyghurkitap.com

مەۋجۇد بولۇپ تۇرالايدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە، ھەرقانداق ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي فورماتسىيە ئۆزى مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئۇزاق مەزگىل ئىچىدە، پىشىپ يېتىلمەسلىك ياكى تولىمۇ پىشىپ يېتىلمەسلىك باسقۇچىدا تۇرىدۇ. مۇئەييەن دۆلەتتە قانچە باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ، ھەربىر باسقۇچ قانچىلىك ۋاقىت داۋام قىلىدۇ دېگەن مەسىلىنى ماركسىزم ئاساسچىلىرى خىيالىي سوتسىيالىزمچىلارغا ئوخشاش كونكرېت سۈرەتلەپ قويمىغان. مانا بۇ بىزنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزمنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز ئۈچۈن قالدۇرۇلغان كەڭ ماكان. مەملىكىتىمىز ھازىر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ دېگەن ھۆكۈمنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشىدۇر. بىز تۇرۇۋاتقان بۇنداق باسقۇچنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە ماركسىزم ئاساسچىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىشى تولىمۇ تەبىئىي. بۇنى باھانە قىلىپ، ماركسىزم ئاساسچىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئىنكار قىلىش داۋالسىزلىق بولىدۇ ھەم پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى ئەمەس دېگەننى باھانە قىلىپ، "كاپىتالىزم دەرسىنى تولۇقلاش"، كاپىتالىزم يولىدا مېڭىشنى تەشەببۇس قىلىش خاھىشىغا كەلسەك، جۇڭگودا ئۇ يولغا مېڭىشقا مۇتلەق بولمايدىغانلىقىنى تارىخىي پاكىتلار ئاللىبۇرۇن ئىسپاتلىغان، ئۇنداق قىلىنىدىغان بولسا، يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە كېتىپ قالىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ، خالاس. مېڭىشقا بولىدىغان بىردىنبىر يول يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسىتىپ بەرگەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىن ئىبارەت.

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئالىمجان سابىت**

www.uyghurkitap.com

# «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نەسرىي نۇسخىسى دۆلەتلىك مۇنەۋۋەر كىتاب مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىلى نەشر قىلغان «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نەسرىي نۇسخىسى 1993 ـ يىلى جۇڭگونىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كىتاب مۇكاپاتى ــ دۆلەتلىك مۇنەۋۋەر كىتاب مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ھازىرغىچە نەشر قىلىنىپ كەلگەن ئۇيغۇرچە كىتابلار ئىچىدە بۇ كىتابنىڭ مۇشۇنداق شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ، دۆلەت دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر كىتابلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىخارى، شۇنداقلا كىتابنىڭ نەسرىي نۇسخىسىنى تەييارلاش، تەھرىرلەش، نەشر قىلىش يولىدا جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرگەن يولداشلارنىڭ ئىپتىخارى.

بۇ كىتابنىڭ بۇنداق يۇقىرى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىشى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، نۇرلاندۇرۇش ئىشىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئېتىبار بەرگەنلىكىنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى. "ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەتلىك مىراسى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى ھاسىل قىلغان قىممەتلىك مىراستۇر" (لاۋشې). ئۇ ئېلىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىپ، مىللىي مەدەنىيەتكە شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەن. بۇ قېتىم بۇ كىتابنىڭ دۆلەتلىك ئالىي مۇكاپاتقا ئېرىشىشى ئېلىمىز نەشرىياتچىلىق تارىخىغا يېزىلغۇسى.

《求是文选》（维吾尔文版）国外代号：M5——V 国内统一刊号：CN11——2498
邮发代号：2—373 定价：0.95 邮政编码100013